ئالىمجان خۇدابەردى  تاھىرجان ئاتاۋۇللا

# زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر كەشپىياتچىلىرى



شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇر خەلقى تارىختىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئەقىل پاراسىتى ۋە ئىرىشچانلىقى بىلەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇپ كەلدى.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ــ يىللىرىدىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئىچىدە زور بىر تۈركۈم كەشپىياتچىلار يېتىشىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ كەشپىياتلىرى دۆلىتىمىزدىكى مەلۇم ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، مەملىكەت ئىچى ھەتتا خەلقئارادىمۇ زور شۆھرەت قازاندى. ئۇلارنىڭ بۇ كەشپىياتلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش جەريانىدىكى تارتقان جاپا ــ مۇشەققەتلىرى ۋە ئىرىشچانلىقلىرى دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ روھىغا پۈتمەس ــ تۈگىمەس ئىلھام ۋە مەدەت بەردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى زىيالىي، بەزىلىرى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، بەزىلىرى ھەتتا تولۇقسىز مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن دېھقان، ھۈنەرۋەن كاسىپلاردۇر. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەقىل ــ پاراستى ۋە بىر جۈپ ئەمگەكچان قولىغا تايىنىپ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش، ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىش يولىدا زور ئىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب 2 قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، 1 ــ قىسىمغا 20 كەشپىياتچىنىڭ 50 خىلدىن ئارتۇق كەشپىياتى كىرگۈزۈلگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ كەشپىيات يارىتىش جەريانىدىكى جاپالىق ئىزدىنىشلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، سىز بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن خۇشال بولۇشىڭىز ھەتتا ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىشىڭىز مۇمكىن، بەلكىم سىزمۇ كەلگۈسىدە بىر كەشپىياتچى بولۇپ قالارسىز. بۇ ھارماس

سۆيۈملۈك كىشلىرىمىزنى ئۆز قەۋمىگە تونۇشتۇرۇش، ئەجدادلارغا جاۋاب، تەگتۇشلارغا ئىلهام، ئەۋلادلارغا ئىشەنچ ئاتا قىلىش ئۈچۈن، قولىڭىزدىكى ئۇشبۇ كىتابنى يېزىپ چىقتۇق. ئۇ يازمىنى سىز ۋە بىز بىرلىشىپ، ئۆتتەك قىزغىنلىق، يۈكسەك مەسئۇلىيەت، چەكسىز پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن بىرلىكتە مەڭگۇ يازايلى...

سەۋىيىمىز چەكلىك بولغاچقا، كىتابتا كەمچىلىك ۋە خاتالىقلاردىن خالىي بولالمىغان بولۇشىمىز مۇمكىن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز. ئاخىردا بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بەرگەن مۇختارجان مۆمىنگە چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

تۈزگۈچىلەردىن

# مۇندەرىجە

كەشپىيات سېپىدىكى هارماس تۇلپار.................... 1
تۆهپىكار كەشپىياتچى ئەركىن روزى.................... 7
ئەل سۆيگەن كەشپىياتچى.................... 16
قاشتېشى دىيارىنىڭ پەخىرلىك ئوغلى .................... 25
پىداكار قەيسەر كەشپىياتچى .................... 36
كەشپىياتچى ئابلەت ئىمىن توغرىسىدا .................... 42
تۆهپىكار باغۋەن، ئۇستاز كەشپىياتچى.................... 45
ساخاۋەتلىك كەشپىياتچى .................... 49
مول هوسۇللۇق كەشپىياتچى.................... 53
كەشپىياتچى ئەختەم سەيدۇللا ناگايى توغرىسىدا .................... 58
كەشپىيات سېپىدىكى تۇغچى .................... 63
دېهقان كەشپىياتچى .................... 68
كەشپىياتچى مەتمىن تۇرسۇن توغرىسىدا .................... 75
ئۆزگىچە كەسپ، ئۆزگىچە كەشپىيات.................... 80
تىرىشچان كەشپىياتچى .................... 86
كىچىك كەشپىياتچى.................... 89
ئۇ هەتتا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش پۇرستىگىمۇ ئىگە
بولالمىغان .................... 92
ئۈمىدلىك ياش كەشپىياتچى .................... 97
ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا .................... 100
بالا كەشپىياتچى .................... 103

# كەشپىيات سېپىدىكى هارماس تۇلپار



ئەگەر ئۇنىڭ ساقچى فورمىسى كىيگەن جەسۇر قىياپىتىنى كۆرسىڭىز، ئۇنى چوقۇم ئوغرى ـ قاراقچىلارنىڭ پېيىگە چۈشكەن زېرەك رازۋېدكىچى دەپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، ئۇ ئوغرى ـ قاراقچىنىڭ پېيىگە ئەمەس، بەلكى پەن ـ تېخنىكا، كەشىپ ـ ئىختىرانىڭ پېيىگە چۈشكەن هارماس رازۋېدكىچى — روزى مۇسا.

روزى مۇسا 1958 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بۈگۈر ناھىيىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1980 ـ يىلى شىنجاڭ سانائەت ئىنىستىتۇتىنىڭ ماشىنىسازلىق فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ ئىستانوك زاۋۇتىغا تەقسىم قىلىنغان.

ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان 1 ـ كۈنىدىن باشلاپلا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، خىزمەتنى ئەستايىدىل، پۇختا ئىشلىدى. ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئۆز كەسپىگە ئائىت ماتېرىياللارنى كۆرۈپ ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ ئۆزىنىڭ تېخنىكا ماھارىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشتى.

ئۇ توي قىلىپ 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۇنجى پەرزەنتى دۇنياغا كېلىدۇ. بۇ، ئەر ـ ئايال ئىككىيلەن ئۈچۈن چەكسىز خۇشاللىنارلىق ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئايالىنىڭ بالا ھەلەكچىلىكىدە ھېرىپ ـ چارچاشلىرى، بولۇپمۇ كېچىسى نەچچە قېتىم ئويغىنىپ بالا ئېمىتىش، ئاندىن تەۋرىتىپ ئۇخلىتىش... قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۇششاق پائالىيەتلىرى ئۇنى بىئارام قىلىشقا باشلايدۇ.

ئۇ قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ ئۆزلۈكىدىن تەۋرىنىدىغان بۆشۈك بولسا،

جاپاكەش ئانىلارنىڭ يۈكى بىر ئاز بولسىمۇ يېنىكلەيتتى، دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىزدىنىشكە باشلايدۇ. ئۇزۇن قېتىم تەتقىق قىلىش ۋە سىناق قىلىش ئارقىلىق 1988 ـ يىلى تۇنجى ئېلېكترونلۇق بۆشۈكنى لايىھىلەپ ياساپ چىقىدۇ. بۇ ئاپتوماتىك بۆشۈكنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ 2500 يىلدىن بېرى بۆشۈكنى قول بىلەن تەۋرىتىدىغان تارىخىغا خاتىمە بېرىپ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ۋاقتى ۋە زېھنى كۆپچىلىكى تېجەپ قالدى.

بۇ ئېلېكترونلۇق بۆشۈككە ئاپتوماتىك كونترول قىلىش سىستېمىسى ئورنىتىلغان بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1. مۇزىكا قويۇپ بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە؛

2. بوۋاق ئاستىنى ھۆل قىلىپ قويسا ياكى قۇسۇۋەتسە ئاپتوماتىك سىگنال بېرەلەيدۇ؛

3. ۋاقىتنى كونترول قىلالايدۇ (60 مىنۇت ئىچىدە)؛

4. تەۋرىنىش سۈرئىتىنى تېز، ئاستا ۋە ئوتتۇراھال قىلىپ تەڭشىگىلى بولىدۇ؛

5. بوۋاققا سۈت بېرىش ۋە سۈتنىڭ ئىسسىقلىقىنى ساقلاشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە؛

6. بوۋاقنىڭ ئىچكەن سۈتىنىڭ مىقدارىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ؛

7. بوۋاق تۇرۇۋاتقان مۇھىتنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

بۇ روزى مۇسانىڭ كەشپىيات يولىدا باسقان تۇنجى قەدىمى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ كەشپىياتى 1989 ـ يىلى چېگىدۇدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 4 ـ نۆۋەتلىك كەشپىيات كۆرگەزمىسىدە ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ نۆۋەتلىك كەشپىيات ۋە يېڭى تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسىدە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ئۇنىڭغا «پەن ـ تەتقىقات سېپىدىكى يېڭى يۇلتۇز»

دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى. روزى مۇسا بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي يەنە كىشىلەرگە قولايلىق ئېلىپ كېلىدىغان بىر نەچچە خىل ئۈسكۈنىلەرنى كەشىپ قىلدى.

## ئاسما ئوكۇل سۇيۇقلۇقى تۈگىگەندىن كېيىن ئاپتوماتىك سىگنال بېرىش ئۈسكۈنىسى

بۇنىڭدا ئېغىرلىق كۈچىنىڭ رولى ۋە پىشاڭ قائىدىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاسما ئوكۇل سۇيۇقلۇقى بەلگىلەنگەن مىقدار بويىچە ماسلاشتۇرۇلىدۇ. بەلگىلەنگەن مىقدار توشقاندا بۇ خىل ئۈسكۈنە ئاپتوماتىك سىگنال بېرىدۇ. بۇ خىل قۇرۇلمىنىڭ ياسىلىشى ئاددىي، سەزگۈرلۈكى يۇقىرى، بەلگىلىك قوللىنىلىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، سېستىرالارنىڭ خىزمىتىنى يېنىكلىتىش ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

بۇ كەشپىيات 1989 ـ يىلى دۆلەتلىك پاتېنت ئىدارىسى تەرىپىدىن پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: 88207727.9

## پويىزدا ئىشلىتىلىدىغان يېڭى تىپتىكى تاماق توشۇش هارۋىسى

روزى مۇسا پويىز خىزمەتچىلىرىنىڭ مۇلازىمەت جەريانىدا، يەنى جىلىق تاماق، چاي، سوغۇق ئىچىملىك، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى يۇچىلارغا يەتكۈزۈشتە پويىز ئورۇندۇقلىرىنىڭ ئارىسىدىكى يولنىڭ ۋە كارىدورنىڭ تار بولۇشى سەۋەبلىك قىيىنلىشاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پويىزدا مۇلازىمەت قىلىشقا باب كېلىدىغان هارۋا ياساپ چىقتى. بۇ خىل هارۋىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئىشلىتىشكە ئەپلىك بولۇپ، پويىز مۇلازىمەتچىلىرىنىڭ ئەمگەك سىجىللىقىنى يېنىكلەتكىلى، تازىلىق ئۆلچىمىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

بۇ كەشپىيات 1990 ـ يىلى مەملىكەتلىك 5 ـ نۆۋەتلىك كەشپىيات

كۆرگەزمىسىدە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «يىپەك يولى پاتېنت تېخنىكىلىرى» كۆرگەزمىسىدە پاتېنت تېخنىكا مۇكاپاتىغا ھەمدە 1990 ـ يىلى دۆلەت پاتېنت ئىدارىسى تەرىپىدىن پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

بۇ كەشپىياتنىڭ پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: 90201060.3

## چايدانىنىڭ ئېغىزى يېپىلمىسا ئاپتوماتىك سىگنال بېرىش ئەسۋابى

بۇ خىل ئەسۋابنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئەگەر چايدانىنىڭ ئېغىزى يېپىلمىسا ئۆزلۈكىدىن سىگنال بېرىدۇ ھەم يېپىلغاندىن كېيىن ئاندىن توختايدۇ. بۇ كەشپىيات 1989 ـ يىلى دۆلەتلىك پاتېنت ئىدارىسى تەرىپىدىن پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: 89207613.5

## دەزمالنىڭ قىزىغانلىقىدىن ئاپتوماتىك سىگنال بېرىدىغان تەگلىك

بۇ خىل تەگلىك دەزمال قىزىغاندا ئاپتوماتىك سىگنال بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بىخەتەرلىك قۇرۇلمىسىدۇر.

بۇ كەشپىيات 1991 ـ يىلى دۆلەتنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: 90201508.1

## كۆپ ئىقتىدارلىق ئاپتوماتىك ئاپتوۋا

بۇ خىل كەشپىياتقا مۇۋاپىق مېخانىزملىق ھەرىكەت يەتكۈزۈش تېخنىكىسى قوللىنىلغان ھەمدە تاق ئۆزەكلىك ئېلېكترونلۇق مېڭە، ئېلېكترونلۇق كونترول سىستېمىسى قاچىلانغان. بۇ ئاپتوماتىك ئاپتوۋىنىڭ مېخانىزم قىسمى ئاپتوماتىك ئاۋاز چىقىرىش، ئاپتوماتىك لوڭگە چىقىرىش ھەمدە دېزىنفېكسىيە قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسمدىن تەركىب تاپقان. مېھمانلار قول يۇيۇش ئۈچۈن بۇ ئاپتوۋىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قولىنى سۇنغاندا ئەسۋابتىن «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ياخشىمۇ سىز؟

قولىڭىزغا سۇ بېرەي» دېگەن ئاۋاز چىققاندىن كېيىن، ئاپتوماتىك ئەسۋابقا ئورنىتىلغان ئاپتوۋۋا مېھماننىڭ قولىغا ئۈچ قېتىم سۇ بېرىدۇ. يان تەرەپتىكى ئەسۋاب لۆڭگىنى ئاپتوماتىك چىقىرىپ مېھماننىڭ قولىنى سۈرتۈشكە سۇنىدۇ. مېھمان قولىنى سۈرتۈپ بولغاندىن كېيىن لۆڭگە ئاپتوماتىك ھالدا كەينىگە يېنىپ، لۆڭگىنى دېزىنفېكسىيە قىلىپ ئىككىنچى بىر مېھماننىڭ قولىغا بېرىدۇ. بۇ ئەسۋاب سۇ ئورنى ئارقىلىق توك يولى ۋە ئېلېكترو ماگنىتلىق كلاپاننى كونترول قىلىپ ئاپتوماتىك ھالدا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. «كۆپ ئىقتىدارلىق ئاپتوماتىك ئاپتوۋۋا» مىللىي ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، ئۆزى ئەپچىل. ئۇنى توي – تۆكۈن، نەزىر – چىراغلاردا ئىشلىتىشكە قۇلايلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئائىلىلەردە، ئۇنىڭدىن باشقا رېستوران، مېھمانخانا قاتارلىق ئورۇنلاردىمۇ ئىشلىتىشكە باب كېلىدۇ.

1994 – يىلى ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتى روزى مۇساغا «ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ياش پەن – تېخنىكا تايانچىسى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىپ بېيجىڭ چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى ماشىنىسازلىق كەسپىدە ئىككى يىللىق ئالاھىدە تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇ بۇ قىممەتلىك پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بىر تەرەپتىن، جاپالىق ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىككى تۈرلۈك كەشپىياتنى يارىتىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، «ئاپتوماتىك كۆپ ئىقتىدارلىق ئاپتوۋۋا». ئۇنىڭ بۇ كەشپىياتى مەملىكەتلىك 9 – نۆۋەتلىك كەشپىياتلار كۆرگەزمىسىدە ھەمدە بېيجىڭ خەلقئارالىق كەشپىيات كۆرگەزمىسىدە 3 – دەرىجىلىك كەشپىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ، شۇنداقلا چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى روزى مۇساغا «دۆلەت ئىچىدىكى زىيارەتشۇناس» دېگەن گۇۋاھنامە بېرىدۇ. روزى مۇسانىڭ بۇ كەشپىياتى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم قىلىش تۈرىگە كىرگۈزۈلۈپ، 1995 – يىلى دۆلەتلىك پەن – تېخنىكا كومىتېتى، پاتېنت ئىدارىسى، جۇڭگو

كەشپىياتچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان «مەملىكەتلىك 10 يىللىق مۇنەۋۋەر كەشپىياتلار» كۆرگەزمىسىدە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. يەنە بىرى، «زىرائەتلەرنىڭ تۈپ ئارىلىقىغا يېرىم ئاپتوماتىك ئۇغۇت بېرىش ئەسۋابى». بۇ كەشپىيات 1995 ـ يىلى دۆلەتلىك پاتېنت ئىدارىسى تەرىپىدىن پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن.

1989 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ئۇنىڭغا «پەن ـ تېخنىكا سېپىدىكى يېڭى يۇلتۇز» دەپ نام بەردى. 1996 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قېتىملىق مۇنەۋۋەر كەشپىياتچى دېگەن نامغا ئېرىشتى ھەم 1998 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى بولۇپ باھالاندى.

## زىرائەتلەرنى تۈپ ئارىلىقىدىن چوڭقۇر ئوغۇتلاش ئۈسكۈنىسى

بۇ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئۈسكۈنە بولۇپ، زىرائەتلەرنى ئاخىرقى مەزگىلدە ئوغۇتلاشتا پايدىلىنىشقا بولىدۇ. ئادەتتە زىرائەتلەرنى ئاخىرقى مەزگىلدە ئوغۇتلىغاندا ئالدىدا بىرەيلەن ئورەك كولاپ ماڭسا، ئارقىدىن يەنە بىرەيلەن ئورەككە ئوغۇت سېلىپ ماڭىدۇ ھەمدە توپىسىنى ئىتتىرىپ كۆمۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا ئەمگەك سىڭدۈرۈش دەرىجىسى يۇقىرى، مەشغۇلات ئۈنۈمى بىر قەدەر تۆۋەن بولۇپ، زىرائەتلەرنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. ئۇ كەشپ قىلغان «زىرائەتلەرنى تۈپ ئارىلىقىدىن چوڭقۇر ئوغۇتلاش ئۈسكۈنىسى»نى ئىشلەتكەندە ئەمگەك سىڭدۈرۈش دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلىپ، مەشغۇلات ئۈنۈمىنى ئۈچ ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرگىلى، زىرائەتلەرنىمۇ زىياندىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ كەشپىياتى 1995 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: 95207163. 0

# تۆھپىكار كەشپىياتچى ئەركىن روزى

**مۇۋەپپەقىيەت 1% تالانت، 99% تىرىشچانلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر.**
**— ئېينشتېين**



قەشقەر — ئۈرۈمچى تاشيولىنى بويلاپ شەرققە قاراپ مېڭىپ «توڭگۇز ئاغزى» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆتەڭگە كەلگەندە، جەنۇبقا قارىسىڭىز كۆز يەتكۈسىز سارغۇچ قۇملۇقلار ئارىسىدا غىل — پال قارىيىپ كۆرۈنۈۋاتقان بوستانلىق كۆزگە چېلىقىدۇ. شىمالغا قارىسىڭىز كەلكۈن يالاپ شەكىللەندۈرگەن ئېقىن ئىزى، يەنى «توڭگۇز ئاغزى» كۆرۈنىدۇ.

ئەگەر سىز تاشيولدىن قۇملۇققا 7 — 8 كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ كىرسىڭىز ئىختىيارسىز بۇرنىڭىزغا مەززىلىك پۇراق — قوغۇننىڭ پۇرىقى ئۇرۇلىدۇ. ئۇ يەرنىڭ مەرد مېھماندوست ئادەملىرى، قولى گۈل ئاياللىرى سىرى ئەتكىنى تونۇر ئۇچاقنى قىزىتىپ ياققان پېتىر قانىتمىلىرى بىلەن ناشتا قىلدۇرسا، ئۇسسۇزلۇقىڭىزغا تاتلىقلىقىدىن تىلىڭىزنى يارغۇدەك «قارا كۆسەي» قوغۇن بىلەن مېھمان قىلىدۇ. ئۇغلاق تارتىشىش، مەشرەپ، چېلىشىش بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئەقەللىي ئويۇنلىرى. چۆرىسىگە گۈل چىقىرىلىپ قوزا تېرىسىدىن تىكىلگەن قارا بۆكلىرى (يەرلىكلەر زەدنۋال بۆك، تۇماق دەپ ئاتايدۇ) ئۇلارنى تېخىمۇ قورقۇمسىز، باتۇر كۆرسىتەتتى. داڭلىق خەلق قوشاقچىسى كىرەم كۆمەچ[1]

---

① كىرەم كۆمەچ — داڭلىق خەلق قوشاقچىسى («پەيزاۋات خەلق قوشاقلىرى»غا قاراڭ).

ئاتاقلىق دىنىي ئالىم، تېۋىپ ئىمىن جېلىل.... مانا مۇشۇ يەردىن چىققان. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بىر سۆزلۈك، يۇمۇرىستىك، تەدبىرلىك كېلىدۇ.

ئەركىن روزى مانا مۇشۇ گۈللۈك يېزىسىنىڭ ھالقىلىق كۆل كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. بۇ يىش كەشپىياتچى پەقەت تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىلا پۈتتۈرۈپ رېمونتچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇ ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ياشلىق باھارىنى قېتىرقىنىپ ئىزدىنىشكە، بارلىقىنى، زېھنىي كۈچىنى، پۇل ـ مېلىنى، ۋاقتىنى كەشپىياتقا بېغىشلاپ، ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشۇش يولىدا ھارماي ـ تالماي ئىزدىنىپ ئۈچ خىل كەشپىيات يارىتىپ دۆلەتلىك پاتېنت ھوقۇقى ئىدارىسى تەرىپىدىن پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

ئەركىن روزى 1985 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يېزا رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان دادىسى روزى سەلەي ئاكا ئۆيدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئۇنىڭغا «ئازاد» ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلىدىن بىرنى ئېلىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ھايات سەپىرى مانا مۇشۇنداق شوپۇرلۇق بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان يوللار ئۇنىڭ ئىرادىسىنى، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداملىقلىقىنى، ئەقلىي تەپەككۇرىنى تاۋلىدى. ئۇ بۇ جەرياندا ئۇچرىغان ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى ئۆزى يېڭىپ بەزى مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق تەپەككۇر يۈرگۈزدى. ئۇ: «ئاپتوموبىل داۋانغا چىققاندا ماي ئىشلىتىپ، داۋاندىن چۈشكەندە ماي ئىشلەتمىسىمۇ ئېنېرتسىيە تەسىرىدىن ئۆزى چۈشىدۇ ئەمەسمۇ، دەپ ئويلايدۇ ھەمدە كاربىراتورنىڭ تۈزۈلۈشى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن ئۇ كاربىراتورنىڭ ماي تېجەش قۇرۇلمىسىنى ياساپ چىقتى. 1987 ـ يىلى يەنە ئاپتوموبىلنىڭ ئارقا چاقىنىڭ يىلى چىقىپ كەتسە سىگنال بېرىدىغان ئۈسكۈنىنى ياساپ چىقتى. بۇ خىل ئۈسكۈنىلەر شوپۇرلار ئارىسىدا تېزلا ئومۇملاشتى. ئۇ بۇنداق ئىشلارغا كىچىكىدىن باشلاپلا قىزىقاتتى. روزى سەلەي ئاكا ئوغلىنىڭ بۇ خىل قىزىقىشىغا قاراپ قولچىراغ، رادىئو قاتارلىقلارنى ئېلىپ

بېرەتتى. بىر كۈنى ئەركىن سىم ئارقىلىق قولچىراغ باتارېيىسىنى ئويناۋېتىپ رادىئودىن گىزىلدىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئېلېكتر ئىشلىرىغا قىزىقىپ قالدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2 ـ يىللىقىدا باتارېيە ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان ئېلېكترون مودېلىنى ياساپ تەجرىبە قىلىپ ئوينايدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5 ـ يىللىقىدىن باشلاپ قول سائىتى، رادىئو، ئۈنئالغۇ قاتارلىقلارنى رېمونت قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ تاكى تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگىچە بۇ خىل ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىدۇ.

ئەركىن روزى ئۆز قىزىقىشىغا ئاساسەن 1990 ـ يىلىدىن باشلاپ شوپۇرلۇقنى تاشلاپ ئائىلە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ۋە موتسىكلىتلارنى رېمونت قىلىش دۇكىنى ئاچتى. ئۇ 1992 ـ يىلى تىزگىنەك، يەنى، موتسىكلىتنى يىراقتىن كونترول قىلىش ئۈسكۈنىسىنى ياسىدى. ئۇنىڭ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، موتسىكلىت ۋە ئاپتوموبىللارنى رېمونت قىلىش جەريانىدىكى بىر قانچە يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىلىرى ئۇنىڭدا كەشپىيات يارىتىش ئىستىكىنى قوزغىدى.

2001 ـ يىلى مارالبېشى ناھىيىسىدە بىر قېتىملىق زور قاتناش ھادىسىسى يۈز بەردى. بىر يۈك ئاپتوموبىلى چىرىغىنى ياندۇرماستىن يول ياقىسىغا توختىتىپ قويۇلغان. يولدا قارىمۇقارشى كېلىۋاتقان ئىككى ئاپتوموبىل بىر ـ بىرىنىڭ چىراغ يورۇقىدا ھېلىقى توختىتىپ قويۇلغان ئاپتوموبىلنى كۆرەلمەي سوقۇلۇپ كېتىپ بىر ئادەم قازا قىلغان، ئىككى ئادەم يارىلانغان. بۇنداق ھادىسىلەرنى كۆپ قېتىم كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ئەركىن روزى بۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە كۆپ قېتىم ئويلاندى. ئۇ تەجرىبە قىلىش، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق 2000 ـ يىلى چىراغ ئارقىلىق بەلگە بېرىدىغان ئۈسكۈنىنى ياسىدى. سىناق قىلىش ئارقىلىق بۇنىڭغا يەنە ئاۋاز چىقىرىش ئۈسكۈنىسى سەپلەپ ئىقتىدارىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ «ئاپتوموبىللارنىڭ بىخەتەر يورۇشىنى ئېلېكترونلۇق باشقۇرۇش ئۈسكۈنىسى»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقتى. بۇ ئۈسكۈنە

چوڭ ــ كىچىك ئاپتوموبىللارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن ئورنىتىلىـــدۇ. ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى يول يۈرگەندە، كېچىسى يول ئۈستىدە توختىتىپ قويۇلغان ئاپتوموبىللارنى، تاغ دوقمۇشلىرى، داۋان، تۇمان، بوران، چاڭ ــ توزان ئارىسىدا قالغان ئاپتوموبىللارنى ئۇچراتقان چاغدا 300 ~ 500 مېتىرغىچە بولغان ئارىلىقتا ئالدىن سىگنال بېرىپ، ئاۋاز ئارقىلىق «دىققەت قىلىڭ، ئالدىڭىزدا توختىتىپ قويۇلغان ئاپتوموبىل بار، قارشى تەرەپتىكى دوقمۇشتىن ئاپتوموبىل كېلىۋاتىدۇ، ساقچى ئاپتوموبىلى ياكى ئارقىدىكى ئاپتوموبىلغا يول بېرىڭ» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. باشقا سىگنال ۋە شاۋقۇن ــ سۈرەنلەرنى پەسەيتىدۇ. بولۇپمۇ كېچىسى يول يۈرگەندە شوپۇرغا ئالدى ــ كەينىدە كېلىۋاتقان ئاپتوموبىللارنى مەلۇم قىلىپ تۇرىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئورۇن، خادىملارنىڭ تەكشۈرۈشىـــگە تېگىشلىك ئاپتوموبىللارغا ئالدىن سىگنال بېرىپ توختىتىپ تەكشۈرۈشكە قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ. قالغان ئاپتوموبىللار توسالغۇسىز قاتناۋېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان قاتناش ھادىسىسىنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر بۇ كەشپىيات ئىشلەپچىقىرىش كۈچىـــگە ئايلاندۇرۇلسا، ئۇ ھالدا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا كونترول قىلىش تەس بولغان تاشيول قاتناش ھادىسىسىنى ئاپتوماتىك كونترول قىلىپ، قاتناش ھادىسىسى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان بىر قانچە مىليارد يۈەنلىـــك ئىقتىسادىي زىياننىڭ ھەمدە ئادەمنىڭ جېنىغا ۋاقىتسىز زامىن بولۇۋاتقان ئۆلۈش ــ يارىلىنىش قاتارلىق ھادىسلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئەركىن 2000 ــ يىلى 12 ــ ئايدا بېيجىڭغا بېرىپ دۆلەتلىك ئەقلىي مۈلۈك ئىدارىسى پاتېنت ھوقۇقىغا ئىلتىماس قىلىش ئورنىنى تاپتى. ئۇ يەردىكى ئالىم، پروفېسسورلار ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قىزغىن مۇئامىلە قىلدى ھەم ھەر جەھەتتىن قوللاپ ياردەم بەردى. 2001 ــ يىلى 1 ــ ئاينىڭ 15 ــ كۈنى ئۇ كەشىپ قىلغان «ئاپتوموبىللارنىڭ بىخەتەر يۈرۈشنى ئېلېكترونلۇق باشقۇرۇش ئۈسكۈنىسى» پاتېنت ھوقۇقىـــغا ئېرىشتى.

بىر قېتىم ئۇ ئېلىۋىزوردىن جەنۇبىي ئافرىقىدا يۈز بەرگەن قاتناش ھادىسىسىدە شوپۇر ئۇخلاپ قالغاچقا، ئاپتوموبىل 150 مېتىر ئېگىزلىكتىن چۈشۈپ كېتىپ، ئاپتوموبىلدىكى يولۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قازا قىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. جەنۇبىي ئافرىقىدا ھەر يىلى 45 مىڭ ئادەمنىڭ قاتناش ھادىسىسىدە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن روزىنىڭ كاللىسىدا شوپۇرلارنى ئۇخلاشتىن ئاگاھلاندۇرىدىغان بىرەر نەرسە ياساش ئويى پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئىزدىنىش ئارقىلىق ئاخىر «ئېلېكترونلۇق ئويغاتقۇچ كۆزەينەك»نى كەشپ قىلىدۇ. بۇ خىل كۆزەينەكنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، يول يۈرۈۋاتقان شوپۇر، ساقچى، ھەربىي، زاۋۇت، كان ـ كارخانىلاردىكى ئىشچى، تېخنىكلار ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان ياكى مەشغۇلات ئېلىپ بېرىۋاتقاندا بۇ كۆزەينەكنى تاقىۋالسا، مۈگدىسە، سىگنال ياكى ئاگاھلاندۇرۇش سۆزلىرى ئارقىلىق شۇ ئادەم ئويغىتىۋېتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇخلاپ قېلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان تۈرلۈك پاجىئەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئەگەر يول مېڭىۋاتقان شوپۇر تېز ئويغانمىسا، ھەيدەۋاتقان قاتناش قورالىنى توختىتالايدۇ.

ئەركىن روزى يەنە ئەتراپتىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ موتسىكلىت، ئاپتوموبىللىرىنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدا ئوغرىلانغان قاتناش قورالىنى ئاپتوماتىك توختىتىپ قويالايدىغان بىر خىل ئۇسكۈنە ياساش ئويى پەيدا بولىدۇ. ئۇ توختىماي ئىزدىنىش ئارقىلىق «ئاپتوماتىك تىزگىنلەش ئۇسكۈنىسى»نى ياساپ چىقىدۇ. بۇ ئۇسكۈنە موتسىكلىت، ئاپتوموبىللارغا ئورنىتىلسا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرىنىڭ ماشىنىنى ئوغرىلاپ قاچقان جىنايەتچىلەرنى تۇتۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇ كەشپىيات 2002 ـ يىلى دۆلەتلىك پاتېنت ئىدارىسى تەرىپىدىن پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

ئەركىن روزى يەنە رېستوران، مېھمانخانا، تېز تاماقخانىلارغا ماس كېلىدىغان سىمسىز چاقىرغۇ كەشپ قىلىپ بازارغا سالدى. بۇ خىل

ئۈسكۈنىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، باش ئاپپارات چىپىلا، سائەت، تېمپېراتۇرا ۋە 60 دانە ئورۇننىڭ نومۇرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن 12 ئورۇننىڭ ئۈچۈرىنى ساقلاپ تۇرالايدۇ ۋە رەت تەرتىپى بويىچە كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ، شۇنداقلا يېقىملىق ئاۋاز چىقىرىپ مۇلازىمەتچىنى چاقىرىدۇ. ئۇ يەنە «ئاپتوماتىك ئىشىك مۇلازىمەتچىسى»نى كەشىپ قىلىپ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى. بۇ خىل ئۈسكۈنە جىنايەتچىلەرنى تۇتۇشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئىگە بولۇپ، بۇ كەشپىيات 2002 - يىلى دۆلەتلىك پاتېنت ئىدارىسىگە يوللاندى.

ئەركىن روزى ئېرىشكەن شان - شەرەپلەر: ئەركىن روزىنىڭ ئالدىنقى ئىككى تۈرلۈك كەشپىياتى دۆلەتلىك پاتېنت ھوقۇقى ئىدارىسى تەرىپىدىن ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق دۇنياغا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جۇڭگو ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى. شۇنداقلا بۇلتۇر شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «ئەڭ يېڭى كەشپىيات نەتىجىلىرىنى باھالاش يىغىنى»دا ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىپ، شۇ يىلى جۇڭگو كەشپىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى ھەمدە «جۇڭگو كەشپىياتچىلار» قامۇسىغا كىرگۈزۈلدى. بۇ يىل خەلقئارا كەشپىياتچىلار جەمئىيىتى ئەركىن روزىنى بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسىگە ئاساسەن ئالتۇن مۇكاپات بەردى. ئۇ ئالغان ئىسپات، گۇۋاھنامىلەردە مۇنۇلار يېزىلغان:

**جەنۋە خەلقئارا كەشپىياتچىلار كومىتېتىنىڭ ئەزالىق كىنىشكىسى**

**سىز شەرەپ بىلەن جەنۋە خەلقئارا كەشپىياتچىلار كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندىڭىز. مۇشۇ كىنىشكا بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلايدۇ.**

**— جەنۋە خەلقئارا كەشپىياتچىلار كومىتېتى**

**خەلقئارا پاتېنت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىق كىنىشكىسى**

**بىز سىزنى خەلقئارا پاتېنت ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى خادىم**

**بولۇشقا تەكلىپ قىلدۇق. بۇ خىزمەت خەلقئارا پاتېنت ئىشلىرى كومىتېتى چوڭقۇر ئويلىنىش ھەمدە بىردەك ماقۇللاش ئارقىلىق ھەمدە سىزنىڭ پاتېنت ئىشلىرى ساھەسىدىكى كەشپىيات روھىڭىز ۋە ئۇنىڭغا قوشقان تۆھپىڭىزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئارقىلىق بېرىلدى.**

**— خەلقئارا پاتېنت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش تەشكىلاتى**

## پاتېنت قىممىتىنى باھالاش ئىسپاتى

**خەلقئارا پاتېنت تەكشۈرۈپ بېكىتىش قانۇنىغا ئاساسەن ھەمدە ئىقتىسادىي ۋە بازار ئانالىزى شۇنداقلا ئىنسانىيەتكە كەلتۈرگەن پايدىسىنى كۆزدە تۇتۇپ پاتېنتىڭىزنى (بىرىنچى تۈردىكى كەشپىياتنىڭ مۇلۇك ھوقۇقى قىممىتى) 15 مىليون جۇڭگو خەلق پۇلى قىممىتىدە باھالىدۇق.**

**— خەلقئارا پاتېنت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش تەشكىلاتى**

قاراڭ، مانا بۇ ئاجايىپ كاتتا شان - شەرەپلەر ئەركىن روزىنىڭ جاپالىق مۇھىتتا ۋۇجۇدقا چىقارغان كاتتا كەشپىياتى. بۇ مەملىكىتىمىز ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ھەمدە قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ بۇ كەشپىياتىنى دۆلىتىمىز، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. جۈملىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى، رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەم قىلدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «پەن - تېخنىكا دۇنياسى» ۋە «كۆڭۈلدىكى سۆز» پروگراممىلىرىدا ئۇنىڭ كەشپىيات ۋە ئىزدىنىشلىرى قايتا - قايتا تونۇشتۇرۇلدى. بۇ ئىنتايىن ياخشى قوللاش بولۇپ، ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ جامائەت پىكرى قورالى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ئىلھام بەرگەنلىكتۇر.

ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى بۇ كەشپىياتلارنىڭ قوللىنىلىشچانلىقى يۇقىرى، ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ دەپ قاراپ،

2003 ـ يىللىق مەبلەغ جەھەتتە ياردەم بېرىش تۈرىگە كىرگۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بۇ ئىككى تۈرلۈك كەشپىياتنىڭ «ئەركىن» ناملىق ماركا ھوقۇقىنى بېجىرىپ بەردى. ئەركىن روزى كېچە ـ كۈندۈز دېمەي يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتراپ ئۆزىدە بار بولغان 200 مىڭ يۈەنگە يېقىن مەبلەغنى پاكپاكىز تۈگەتتى.

ئەركىن روزى ھېچكىمدىن يۆلەش مەبلىغى ۋە ئىئانە تەلەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقى ئۇنىڭ جەسۇر ئىجادچانلىق روھى ۋە قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىش روھى ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس ئىدى. ئۇ باش ئەگمىدى، قىيىنچىلىق ۋە سوغۇق مۇئامىلىلەرگە پىسەنت قىلمىدى. «تىرىشقان تاپار، تاشقا مىخ قاقار» دېگەندەك ئۇ ئاخىر «ئەركىن ئېلېكترون يۇقىرى يېڭى پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى»نى قۇرۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە «ئەركىن» ماركىلىق سىمسىز چاقىرغۇ، «ئەركىن» ماركىلىق كۆپ ئىقتىدارلىق كالېندارنى ئىشلەپچىقىرىپ بازارغا سالدى.

ئەركىن روزى نۆۋەتتە «ئاپتوموبىللارنىڭ كۆپ ئىقتىدارلىق بىخەتەر يول يۈرۈش ئۈسكۈنىسى»، «مۇزىكىلىق ئويغاتقۇچ»، «ئاپتوموبىللارنىڭ كۆپ ئىقتىدارلىق سىمسىز كونترول قىلىش ئۈسكۈنىسى»، «ئاپتوماتىك ئىشىك مۇلازىمەتچىسى» قاتارلىق كەشپىياتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ بازارغا سېلىش ئالدىدا تۇرماقتا.

بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى شۇ مىللەتنىڭ قۇربان بېرىش روھىغا ئىگە، قىيىنچىلىق ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان، تەدبىركار زور بىر تۈركۈم پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى، كەشپىياتچىلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ.

ئەركىن روزى ئەنە شۇ ئوت يۈرەك ياشلىرىمىزدىن بىرى. بىز ئۇنىڭ ئىلىم ـ پەن يولىدا، كەشىپ ـ ئىختىرا سەپىرىدە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، مىللىتىمىزنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى تېخىمۇ نامايان

قىلىشغا تىلەكداشمىز.

ئۇنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن كەشپىياتلىرى:

1. ئويغاتقۇچ كۆزەينەك

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 01229569.8

2. كۆپ ئىقتىدارلىق سىمسىز كونتروللىغۇچ (ئاپتوموبىلنىڭ)


پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 02200767.9

3. ئاپتوموبىللارنىڭ كۆپ ئىقتىدارلىق بىخەتەر يول يۇرۇش ئۈسكۈنىسى

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 0201034.0

※ ※ ※

# ئەل سۆيگەن كەشپىياتچى



تىرىشچان، باتۇر، ئەقىل ـ پاراسەتلىك خەلقىمىز ئۆزىنىڭ باھادىر پالۋانلىرى، مەرىپەت چولپانلىرى، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرى بىلەن مەڭگۈ پەخىرلىنىدۇ. تارىختا ئۆتكەن فارابى، مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ... كەبى ئېسىل ئوغلانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئۆز ئەقىل ـ پاراستى بىلەن تارىختا نۇرغۇن كەشىپ ـ ئىختىرالارنى، بايقاشلارنى، يېڭىلىقلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. بىز ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئەقلىي سەمەرلىرىنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ دۇنياغا تونۇتۇشىمىز كېرەك. بۇ مەن ياكى بىر نەچچە ئادەملا قىلىپ باشقا ئېلىپ چىققىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. پەقەت زامانداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق قىلساقلا ھاياتىمىزغا ئۆكۈنمىگەن بولاتتۇق. مانا بۇ خالمۇرات نەسىردىنىڭ يۈرەك سۆزى. ئۇ تەكلىماكاننىڭ ئالتۇندەك ساپ، مۇشكى ـ ئەنبەردەك شىپالىق قۇمىنى تۇرپاننىڭ ئوتلۇق ھارارىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ زەئىپ تەنلەرگە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلغۇچى خاسىيەتلىك «قاپاق»نى ئىجاد قىلىپ، خەلقىگە ئىللىق ھارارەتلىك قولىنى سۇندى.

خالمۇرات نەسىردىن 1968 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قورغاس ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1991 ـ يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ شىنجاڭ گېئولوگىيە قېزىلما

بايلىقلارنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش ـ ئېچىش ئىدارىسى سۇ رايى 1 ـ قۇرۇلۇش ئەترىتىگە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ كىچىك چېغىدىن تارتىپلا باشقىلاردىن پەرقلەنمەيدىغان ئاددىي بالا ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان بىر ئالاھىدىلىكى ھەرقانداق بىر ھادىسىنى كۆرگەندە ۋە ئاڭلىغاندا ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمىگۈچە بولدى قىلمايتتى. ئۇ ئۆزى چۈشىنەلمىگەن سىرلارنى بىلىش، تېگىگە يېتىش ئۈچۈن خۇلاسە قىلاتتى، كۆزىتەتتى. جاۋابىنى تېپىش ئۈچۈن توختىماي ئىزدىنەتتى.

خەلق ئارىسىدا كەشپىياتنىڭ ئانىسى — ئېھتىياج دېگەن گەپ بار. خالمۇراتنىڭ تۇنجى پەرزەنتى تۇغۇلۇپ ئائىلىسى بەختكە چۆمگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزى كېچىدە تۇيۇقسىز قىزىپ كېتىدۇ. ئۇلار بالىنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ، ئوكۇل سالغۇزۇپ قىزىتمىسى چۈشكەندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ. خالمۇرات يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ قارىسا بالا يەنە قىزىپ كېتىدۇ. ئۇ بالىنى ئېلىپ يەنە دوختۇرخانىغا كېلىدۇ. بالىنىڭ بۇ ۋاقىتتا تېمپېراتۇرىسى 41℃ قا چىققانىدى. «بالىنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى داۋاملىق ئىنكاس قىلىپ تۇرىدىغان ئەسۋاب بولسا، ئەھۋال بۇنچىلىكمۇ ئېغىر بولماس ئىدى. ئىنسانلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى نورمال ئەھۋالدا ئۆزگەرمىگەن بىلەن كېسەل بولۇپ قالغان چاغدا بىر مىنۇت ئىچىدىمۇ جىددىي ئۆزگىرىدىكەن ئەمەسمۇ. دوختۇرخانىدا كۈنىگە ئىككى قېتىم ياكى تۆت قېتىم ئۆلچىگەندىمۇ، ئۆزگىرىشنى ۋاقتىدا ئىگىلىگىلى بولمايدۇ. تېرمومېتىر بالىنىڭ قولتۇقىغا چىڭ قىسىلمايدۇ، قولىنى چىڭ بېسىپ تۇرسا ئىچى پۇشۇپ تىرىكىدۇ. بەزىدە تېرمومېتىرنىڭ ئۇچى بەدەن سىرتىدا قالىدۇ. بۇنى قانداقمۇ ئىلمىي ئەسۋاب دېگىلى بولسۇن؟» ئۇ مۇشۇنداق خىياللار بىلەن ئەتىسى ئۈرۈمچىدىكى بارلىق تېببىي ئەسۋاب دۇكانلىرى ۋە دوختۇرخانىلاردىن ئۆلچەملىك تېرمومېتىر ئىزدىدى.

مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق پاتېنت ئىدارىلىرىدىن بەدەن

تېمپېراتۇرىسىنى ئاپتوماتىك ئۆلچەش ئەسۋابىنىڭ كەشپ قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقىنى سورۇشتۇردى. ئەمما، «يوق، ياق» دېگەن جاۋابقا ئېرىشتى.

يوق؟ يوق بولسا مەن كەشىپ قىلىمەن. خالمۇرات قەتئىي نىيەتكە كەلدى. سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى ۋە ھاۋا رايىنى ئۆلچەش ئەسۋابىدا ئاپتوماتىك كونترول قىلىش ئۇسكۇنىسىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈردى. ئۇلاردىمۇ ئۇنداق ئىقتىدار يوق ئىكەن. دېمەك، بۇ بىر بوشلۇق ئىدى. ئۇ ئادەتتىكى بەدەن تېرمومېتىرىدىن بىرنەچچىنى سېتىۋېلىپ تەجرىبە ئىشلىدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆلچىگۈچتىن 50 نەچچىنى بۇزدى. بىرنەچچە رادىئو سېتىۋېلىپ بۇزۇپ توك ئۆلچىگۈچ ياپراقچىسىنى ئىشلەتتى... تەكرار تەجرىبە ئىشلىدى. ئۇ تەجرىبىنى ئۆيدە ئىشلىگەچكە، بىر قېتىم ئايىغى چىقىپ قالغان قىزى سىماب تۆكۈلگەن تەخسىنى تۇتۇۋېلىپ زەھەرلىنىپ قالغىلى تاس قالدى.

ئۇ ياسىغان ئەسۋابنى ئادەمنىڭ نورمال بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى نۇقتا قىلىپ كۆزەتتى. تېمپېراتۇرا سەل كۆتۈرۈلۈۋىدى، ئەسۋاب دەرھال سىگنال بەردى. سىگنال شۇنچە ئېنىق، ئەسۋابنىڭ ئۆلچەش دائىرىسى شۇنچە توغرا ئىدى. خالمۇرات ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇ بۇ ئەسۋابقا «بالىلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىدىن ئاپتوماتىك سىگنال بېرىش ئەسۋابى» دەپ نام بەردى. داۋاملىق سىناق قىلىش ئارقىلىق بۇ ئەسۋابنىڭ يالغۇز بالىلارغىلا ئەمەس، بەلكى ھەممە ئادەمگە ماس كېلىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇ كەشپىيات دۆلەت پاتېنت ئىدارىسى تەرىپىدىن پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

بۇ غەلىبە ئۇنىڭغا زور ئىلھام بەردى. كالللىسىدىكى نۇرغۇن «نېمە ئۈچۈن»لەر ئۇنى يەنە داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا ئالدىراتقىلى تۇردى. مەسىلەن، نېمە ئۈچۈن ئىككى ئاپتوموبىلنىڭ سوقۇلۇپ كېتىشكە مەلۇم ئارىلىق قالغاندا ئۇلارنى ئاپتوماتىك تىزگىنلىگىلى بولمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن

ئاپتوموبىللاردىن چىقىۋاتقان سېسىق گازنى زەھەرسىزلەندۈرۈپ قويۇپ بەرگىلى بولمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئاپتوموبىللار بىر ـ بىرىنى يانداپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغاندا ئاسان ۋەقە تۇغۇلىدۇ؟ ياندا پ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغان شوپۇرغا ئالدىدا قانچىلىك ئاپتوموبىل بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئەسۋاب كەشىپ قىلغىلى بولامدۇ ـ يوق؟ ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىسسىيدىغان ئەسۋاب كەشىپ قىلغىلى بولامدۇ؟.. . ئۇ مانا مۇشۇ نېمە ئۈچۈنلەر ئۈچۈن داۋاملىق ئىزدەندى. زېرىكمەي ئۆگەندى، ئۆزلۈكسىز پىكىر يۈرگۈزدى، سىناق قىلدى. كونىلاردا «تىرىشقان تاپار، تاشقا مىخ قاقار» دېگەن گەپ بار. ئۇ «ئاپتوموبىللار بىر ـ بىرىدىن ھالقىپ كېتىشتە ياندىشىپ كەلمەي تۇرۇپمۇ ئالدىدىكى ماشىنىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىنى، يىراق ـ يېقىنلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەسۋاب»، «دېزىنفېكسىيلەنگەن كۆپ قېتىم ئىشلىتىشكە بولىدىغان قاچا، قوشۇق، چوكا»، «ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىسسىيدىغان ئاياغ»، «ساغلاملىق تالقىنى»، «ئۇيغۇر تېبابەت دورىسى ۋە ئاچچىقسۇ ئارقىلىق دېزىنفېكسىيلەش ئەسۋابى» نى كەشىپ قىلدى ۋە ئارقا ـ ئارقىدىن دۆلەت پاتېنت ئىدارىسىگە يوللىدى.

ئۇ يەنە كىشىلەرنىڭ رېماتىزىم، بەل ئاغرىقلىرىغا داۋا تېپىش ئۈچۈن شۇنچە يىراق يەرلەردىن مەخسۇس تۇرپانغا بېرىپ قۇمغا كۆمۈلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، قۇمنى قىزدۇرۇپ داۋالاش ئۈسكۈنىسىنى ياساپ بازارغا سالدى.

1998 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خالمۇرات نەسىردىن بىر پوچتا يوللانمىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇ بۇ يەشىكنى ئېچىۋىدى، ئىچىدىن بىر ئالتۇن لوڭقا چىقتى. كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئالتۇن لوڭقىنىڭ بويىنىغا قىزىل تاۋار لېنتا ئېسىلغان، ئۇۋەن تەرىپىگە ئىنگلىز يېزىقىدا: ئاۋستىرالىيە ئەسىر لوڭقىسىنى تاللىشىش بويىچە خەلقئارا يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلاتلار كۆرگەزمىسىدە «باللارنىڭ بەدەن

تېمپېراتۇرىسىدىن ئاپتوماتىك سىگنال بېرىش ئەسۋابى»غا بېرىلدى، دەپ يېزىلغانىدى. يەشكتە يەنە ئالتۇن رەڭ ھەل بېرىلگەن نەپىس ئىسپاتنامىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭغا «دۇنيادىكى مۇنەۋۋەر كەشپىياتچى» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان. ئۆزۈندىن بېرى ھەل بولمىغان بىر قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىپ ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشقانلىقىنى چۈشەنگەندە خالمۇراتنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى، ئەجرىدىن سۆيۈندى. خۇشخەۋەرنى ئاڭلىغان ئاتا ـ ئانا، قېرىنداش، دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ بېشى كۆككە يەتتى. ئۇ يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن شۇنداق نەتىجىلەرگىمۇ ئېرىشتى: ئەنگلىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن «لوندون خەلقئارالىق پاتېنت تېخنىكىسى نەتىجىلىرى» كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدالغا، شۋېتسارىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن «جەنۋە خەلقئارا پاتېنت تېخنىكىلىرى نەتىجىلىرى» كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدالغا، جۇڭگو يۈگاك كەشپىياتچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن «پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى» 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، شياڭگاڭ خەلقئارا پاتېنت تېخنىكىسى كۆرگەزمە تەشكىلىي ھەيئىتى تەرىپىدىن «دۇنيا پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتى»غا، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، پاتېنت ئىدارىسى، كەشپىياتچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان «ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر پەن ـ تېخنىكا كۆرگەزمىسى»دە 2 ـ دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئۇ ھازىر ب د ت كەشپىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئەنگلىيە ئەمەلىي تېخنىكا تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاسپىرانتى، دۇنيا پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر كەشپىياتچى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ياش كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىش ئورنىدا يېڭىلىق ۋە ئۇنۇم يارىتىش پائالىيىتىدىكى ياش ماھىر دېگەن شەرەپلىك ناملار بىلەن ئۇيغۇر ئوغلانلىرىنىڭ پەخرى بولۇپ كەلمەكتە.

ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش جەريانىدىكى جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

— ئادەم بىرەر ئىشنى باشلاپ نەتىجە قازانسىلا، ھەرقانچە كۆپ جاپا تارتسىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدىكەن. مېنىڭچە، مەسىلە تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتتە ئەمەس، بەلكى پۇرسەت ۋە خىرىس تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە. بىز ياشلار ئۆز قىممىتىمىزنى توغرا تونۇشىمىز، دەۋرنىڭ ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ بىزگە چۈشۈۋاتقان ئېھتىياجى، بىزدىن كۈتۈۋاتقان تەلىپى ئۈستىدە يۈزەكى ئەمەس، چوڭقۇر ھەم شەخسىيەتسىز ھالدا پىكىر يۈرگۈزۈشىمىز، شۇنىڭدەك بۇ يولدا ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىشىمىز، ئەمەلىي ئىش قىلىشىمىز كېرەك.

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان بىر خىل سەمىمىيلىك، غەيرەت ـ شىجائەت ۋە دەۋرىمىز ياشلىرىغا خاس غۇرۇرنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ ناھايىتى تىرىشچان، ئۈمىدلىك، غايىلىك ئىدى. ئۇ ئىدارىسىدىكى خىزمەت ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ھەر خىل كەشپىياتلار ئۈستىدە ئىزدىنەتتى، ھەر بىر ئىشتا ئالدىن كۆڭلۈك، ھەپتىلىك، ئايلىق پىلان تۈزۈۋالغان. بىرەر ئىشنى باشلاپ تاكى مۇۋەپپەقىيەت قازانمىغۇچە قەتئىي بەل قويۇۋەتمىگەن. يۇقىرىقى مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۇنىڭ دەل ئاشۇ خىل روھىنىڭ مەھسۇلى ئەمەسمۇ؟! ئەمما، ئۇ ئايرىم كىشىلەردەك تۇرمۇشنى «تەرك ئەتكەن» كىتاب بەندىلىرىدىنمۇ ئەمەس، ئۇ ياشلارغا خاس كۆتۈرەڭگۈ روھقا ئىگە. ئۇ ئىشلەشنىمۇ، دەم ئېلىشنىمۇ بىلىدۇ. ھەمدە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھالىدىنمۇ ياخشى خەۋەر ئالىدۇ.

ئۇ دەۋرداشلىرىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

— تىرىشقاق ئۇزار. دەۋر ھۇرۇنلارنى شاللاپ تاشلايدۇ. ئەگەر بىز ئۆتۈۋاتقان كۈنىمىزگە، خىزمەتلىرىمىزدىكى ئادەتتىكى نەتىجىلىرىمىزگە قانائەت قىلىپ ئۆتۈۋېرىدىغان بولساق، يېڭىلىق يارىتىش ئۈستىدە

ئىزدەنمىسەك، كۆنلەرنىڭ ئۆتۈۋېرىشى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ نۇرغۇن نەرسىلەرنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىمىزنى، ھەتتا شالىلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز. دەۋرداشلىرىمدىن خىزمەتتە مەسئۇلىيەتچان بولۇشنى، ۋاقىتنى قەدىرلەشنى، دائىم باشقىلاردىن ئاغرىنىپ يۈرمەسلىكنى، ھەرقانداق ئىشتا پىلانلىق، نىشانلىق ئىش كۆرۈشنى، ئەڭ مۇھىمى ييڭىلىق يارىتىش ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

خالمۇرات نەسىردىنىنىڭ غەيرەت ـ شىجائىتى ئۇنىڭغا نۇرغۇن كەشپىيات نەتىجىلىرىنى ئاتا قىلدى. كەشپىيات بىر ئۇلۇغ ئىش. ئۇنى ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە، خەلققە نەپ بېرىدىغان تاۋارغا ئايلاندۇرۇش تېخىمۇ ياخشى ئىش. خالمۇرات ئۆز كەشپىياتىنى خەلققە پايدىلىق بولغان، ئەمەلىي قىممەت يارىتالايدىغان تاۋارغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتقان چاغدا قورغاستىن كەلگەن ياش سودىگەر زۇلىيار يۈرەكلىك ھالدا 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. كەشپىياتچى بىلەن سودىگەرنىڭ بىرلىشىشى ئالقىشلاشقا تېگىشلىك ياخشى ئىش. ئەگەر زۇلىيار ئابلىمىتتەك مەبلەغ سالغۇچىلار كۆپ بولسا ئىدى، پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن نۇرغۇن كەشپىياتلار باسۇرۇلۇپ قالمىغان، يەرمەنكە سىرتىدا بازارسىز قالمىغان بولاتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى ياش بىرلىشىپ 2001 ـ يىلى 5 ـ ئايدا «شىنجاڭ ئۈرۈمچى قۇم يالقۇنى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى»نى قۇردى. بۇ يۇقىرى يېڭى تېخنىكىلىق كارخانىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ %90ى يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش خادىملىرى ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ شىركەت «قۇمنى قىزدۇرۇپ داۋالاش ئۈسكۈنىسى»نى تولۇق كۆلەملەپ ئىشلەپچىقىرىپ بازارغا سالدى.

«قۇمنى قىزدۇرۇپ داۋالاش ئۈسكۈنىسى» 2001 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى دۆلەتلىك پاتېنت ئىدارىسى تەرىپىدىن پاتېنت

ھوقۇقىغا ئېرىشتى. بۇ ئۇسكۇنە تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئېتىز قۇملۇقىنىڭ ئۈستىدىكى 10cm لىق قىسمىدىن ئېلىنغان قۇمنى تازىلاپ، ئۇلترا بىنەپشە نۇردا دېزىنفېكسىيە قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر تېبابەت رېتسېپى بىلەن تەييارلانغان دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى «قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالىنىش»، «ئىنفرا قىزىل نۇر بىلەن داۋالىنىش»، «ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى ئەنئەنىۋى رېتسېپ دورىلىرى بىلەن داۋالىنىش» قاتارلىق ئۇسۇللارنى ئورگانىك بىرلەشتۇرۇپ، بەدەندىكى پەللىلەرگە تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق بويۇن، دۈمبە، بەل، پۇت، قول قاتارلىق ئەزالارنىڭ رېماتىزم خاراكتېرلىك ئاغرىقلىرى، مۇسكۇل، توقۇلما سىپازمىلىرى (ئاغرىقلىرى) قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالايدۇ. قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالانغانغا ئوخشاش ۋاقىت ۋە ئورۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. قىزدۇرۇلغان قۇم بەلۋېغى ئارقىلىق پەللىلەرگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ ئالاھىدە داۋالاش ئۈنۈمىنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. بۇ ئۇسكۇنە ھازىرقى زامان ئېلېكترون تېخنىكىسى، ئېكرانلىق كۆرسەتكۈچ، يېنىك سىزىمچانلىق ۋىكلىيۇچاتېل ۋە قوش يوللۇق ئۇزىتىش قاتارلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 00204166.9

بۇ ئۇسكۇنە شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 ــ دوختۇرخانىدا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسىدا ئالتە ئاي سىناق قىلىنىپ داۋالاش ئۈنۈمى 90.3% كە يېتىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

خالمۇرات «قۇمنى قىزدۇرۇپ داۋالاش ئۇسكۇنىسى»نى 2002 ــ يىلى ئۇرۇمچى خەلقئارا سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇرۇپ مۇتەخەسسىس ۋە سودىگەرلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. يەرمەنكىدە مالايسىيادىكى بىر شىركەت بىلەن مەھسۇلاتنى مالايسىيا، سىنگاپور، فىلىپپىن قاتارلىق دۆلەتلەردە سېتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش توختامى تۈزدى.

پاكىستانلىق بىر سودىگەرمۇ دۆلىتىدە بۇ مەھسۇلاتنى سېتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش توغرىسىدا سۆزلەشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، غۇلجا، ئاقسۇ، قۇمۇل قاتارلىق شەھەرلەر بىلەنمۇ بۇ مەھسۇلاتنى شۇ شەھەردە سېتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش توغرىسىدا كېلىشتى.

ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ھەمدە دۇنياغا تونۇتۇش ئۆزىنى مۇشۇ كەسىپكە بېغىشلىغان ۋە بۇ كەسىپكە قىزىقىدىغانلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى. ھەممىمىز خالمۇراتقا ئوخشاش كەشپىياتچىلىرىمىزنىڭ يەنىمۇ كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا تىلەكداشمىز.

ئەگەر رېماتىزمىنىڭ ئاغرىقىدىن خالاس بولاي دېسىڭىز «خالمۇرات قۇم يالقۇنى شىركىتى»گە كېلىڭ.

ئادرېس: جەنۇبىي ئازادلىق يولى 47 ـ نومۇر
تېلېفون: (0991) 8552006
فاكس: (0991) 8552006
پوچتا نومۇرى: 830001

※ ※ ※

# قاشتېشى دىيارىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى

*قاشتېشىيۇ قاشتېشى،*
*ئوخشاش ئەمەس ئىچ ـ تېشى.*
*ـــ ئا. ت ئۆتكۈر*



قەدىمىي دىيار خوتەن ئۆزىدىكى ئاجايىپ مۆجىزىلىرى بىلەن شەرقتە چاڭئەن، غەربتە يۇنانغىچە ئۆز نامىنى تارالتقان بولسا، باھادىر پالۋانلىرى ۋە «شەھىدانە خوتەن» دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر بولغان. ئەنە «قاش قوۋۇق»[①] نىڭ ناممۇ دەل خوتەن قاشتېشىنىڭ كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان جۇلاسى بىلەن باغلانغان.

خوتەن ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ قاشتېشى ياقۇتلىرى، زىلچە ـ گىلەملىرى، شايى ـ ئەتلەسلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ كەلگەن بولسا، مانا ئەمدى ئۆز تۇپرىقىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئالىم ـ ئەدىبلىرى، ئۆلىما ـ ھەكىملىرى، شائىر ـ سەنئەتكارلىرى، تۆھپىكار كەشپىياتچىلىرى بىلەن ماختانماقتا.

ئابدۇخەبەر ئابدۇسەمەت ئەنە شۇ خوتەننىڭ پەخىرلىك ئوغلانلىرىدىن بىرى.

ئۇ ئون نەچچە تۈرلۈك يېڭى كەشپىيات ياراتتى. ئون تۈرلۈك

---

① قاش قوۋۇق (玉门关) ـ غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئۆتىدىغان مۇھىم ئۆتكەل.

كەشپىياتى پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

ئابدۇخەبەر 1975 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قاراقاش ناھىيە پۇرچاقچى يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 10 قېرىنداشنىڭ ئىچىدە بالىنىڭ يەتتىنچىسى.

ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چېغىدا ھەر خىل ماشىنا، كېمە مودېلىنى ياساشقا ئالاھىدە قىزىقاتتى. كاردون قەغەزدىن كىچىك ماشىنىلارنى ياساپ ئويناپ ئۆزىنى خۇشال قىلاتتى. تەبىئەت دەرسكە قىزىقىش بىلەن بىرگە تەبىئەت ھادىسىلىرىنى كۆزىتىشكىمۇ ئالاھىدە ئامراق ئىدى. ئۇ يەنە «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»نى ئوقۇشنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭدىكى «ئۇچار گىلەم»، «دېڭىزدا ئۈزەلەيدىغان تۆمۈر بېلىق»، ئوڭ قولىقىنى بۇرىسا ئۇچالايدىغان، سول قولىقىنى بۇرىسا پەسلەيدىغان «ياغاچ ئات» ئۇنىڭ سەبىي خىياللىرىنى قاناتلاندۇرۇپ، ئۇنى باشقا بىر دۇنياغا ئېلىپ باراتتى.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن شۇ چاغدىكى «بوتانىكا» دەرسى ئۇنىڭ شەيئىلەرگە بولغان قىزىقىشىنى تېخىمۇ قوزغىدى. ئۇ ئۆگەنگەن مەزمۇنلارنى دەرستىن كېيىن يەنە بىر تەجرىبە قىلىپ باققۇسى كېلەتتى. ئېتىزلىقلارغا بېرىپ ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنى، ئۇلارنىڭ غول، شاخ، يوپۇرماق، مېۋىلىرىنى ۋە بوغداي، قوناقلارنىڭ يىلتىزلىرىنى كۆزىتىپ دەرسلىكتىكى مەزمۇنلار بىلەن سېلىشتۇراتتى. فىزىكا دەرسلىكى ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئېلېكتر، مېخانىكا، ماگنىت ھادىسىلىرىگە بولغان قىزىقىشىنى گۈللىنىشقا ئايلاندۇرۇۋەتتى. فىزىكا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈللۈك دەرس، فىزىكا تەجرىبىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ خۇشاللىق ئىش ئىدى. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا، بولۇپمۇ شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ئۆيدە كىچىك تەجرىبىلەرنى، مەسىلەن، قۇياش نۇرى تەركىبىدىكى يەتتە خىل رەڭنى ئاجرىتىش، ئېلېكتر ماتورى ياساش قاتارلىق تەجرىبىلەرنى ئىشلەيتتى، ئالىملارغا ئائىت ھېكايە. تەرجىمھال كىتابلىرىنى، «130 پەننىي ئويۇن»، «قىزىقارلىق ئىلمىي تەجرىبە»،

«قىزىقارلىق فىزىكا»، «مېخانىكا ئۆگىنىڭ» قاتارلىق فىزىكىغا ئائىت كىتابلارنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇيتتى. بەزىدە يەنە ئۈسۈملۈك كۆلىدىن كالىي كاربونات ئېلىش، ئېغىل توپىسىدىن كالىي نىترات ئېلىش... قاتارلىق خىمىيىگە ئائىت تەجرىبىلەرنى ئىشلەيتتى. ئۇ تولۇقسىز 3 ـ يىللىقتا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ياردىمىدە رادىئو رېمونت قىلىش بىلىملىرىنى ئىگىلەپ، كىچىك تىپتىكى شامالدۇرغۇچ، باتارېيە ئارقىلىق يېقىن ئارىلىقتا سۆزلەشكىلى بولىدىغان كىچىك تېلېفون ۋە باتارېيە بىلەن جىرىڭلايدىغان كىچىك قوڭغۇراق ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئۇ بۇ نەتىجىلىرى بىلەن بىر تەرەپتىن، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى ھەيران قالدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىدىن قاتتىق سۆيۈنەتتى ۋە ئىلھاملىناتتى.

ئۇ 1990 ـ يىلى چوڭلارنىڭ ئارزۇسى ۋە شۇ زامانلاردىكى «بالدۇر خىزمەتكە چىقىپ ئاغزى بالدۇر ئاشقا تېگىش» قىزغىنلىقىنىڭ تەسىرىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشتىن ۋاز كېچىپ خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ گۈزەل ـ سەنئەت كەسپىگە قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇ بۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن كەسپىي دەرسلەرنى ياخشى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە خەنزۇ تىلىنى پۇختا ئىگىلەپ ھەر يىلى ئەلاچى ئوقۇغۇچى بولۇپ باھالىنىدۇ. 1992 ـ يىلى «بىلىم — كۈچ» ژۇرنىلىنىڭ 6 ـ سانىدا ئۇنىڭ «ئېلېكتر ئاتىسى تومسون» دېگەن تەرجىمە ماقالىسى ئېلان قىلىنىدۇ.

ئابدۇخەبەر دېھقانلارنىڭ بۇغداي ئېتىزلىرىغا قوناق كىرىشتۈرۈپ تېرىشتا قىينىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئارقىلىق «يېڭى تىپتىكى قوناق تېرىش ئەسۋابى»نى كەشىپ قىلىپ، چېرتيوژىنى 1997 ـ يىللىق «پەن ۋە تۇرمۇش» ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ سانىدا ئېلان قىلدۇرۇپ كەڭ دېھقانلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندى.

ئابدۇخەبەر ئابدۇسەمەت 1993 ـ يىلى 9 ـ ئايدا زاۋۇا بېزىرلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنىپ گۈزەل ـ سەنئەت ئوقۇتقۇچىلىقىغا

بەلگىلەندى. 1993 ـ يىلىدىن تا ھازىرغىچە ئۇدا 10 قېتىم ناھىيە بويىچە ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى. ئۇ خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلەش بىلەن بىرگە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ 1998 ـ يىلى ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە بولدى.

ئۇ 1993 ـ يىلىدىن باشلاپ دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ كەشپىيات بىلەن شۇغۇللاندى. ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئائىلىسىدە بىر تەجرىبىخانا قۇرۇپ، تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرىنى تولۇقلىدى.

ئۇ ئائىلىدە ئىشلىتىلىۋاتقان لامپۇچكىلارنىڭ ئاسان كۆيۈپ كېتىپ كاردىن چىققانلىقىنى كۆرۈپ ئۆمرى ئۇزۇن، ئاسانلىقچە كۆيمەيدىغان ئۈچ خىل ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان لامپۇچكىنى كەشپ قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇ بۇنىڭ ئىلھامى بىلەن تېخىمۇ ئىزدىنىپ جاپالىق تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق سىفىرلىق ۋېلسىپىت قۇلۇپى، قاتلىنىدىغان چېلەك، كۆپ ئىقتىدارلىق پاترون (دىڭتو) كەشپ قىلدى.

▲ يورۇقلۇقنى ئۈچ خىل ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان ئۆمرى ئۇزۇن لامپۇچكىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، لامپۇچكا ئىچىگە ئۈچ تال يورۇتۇش ۋولفرام سىمى ئورنىتىلغان بولۇپ، لامپۇچكا كەينىگە ئورنىتىلغان يۆرژىنىلىق ۋىكليۇچاتېل ئارقىلىق ئېھتىياجغا ئاساسەن خالىغان بىر ۋولفرام سىمنى ياندۇرغىلى بولىدۇ. ۋولفرام سىمنىڭ بىرى كۆيۈپ كەتسە، يەنە بىرىنى ياندۇرۇشقا بولىدۇ. بۇ خىل لامپۇچكىلارنىڭ ئۆمرى ئادەتتىكى لامپۇچكىلارنىڭكىدىن ئۈچ ھەسسە ئۇزۇن بولىدۇ.

▲ سىپىرلىق ۋېلسىپىت قۇلۇپىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئاچقۇچ يىتىپ كېتىش ئاۋارىچىلىكىدىن ساقلانغىلى ۋە ئوغرىدىن مۇداپىئەلەنگىلى بولىدۇ. بۇ قۇلۇپتا مەخپىي نومۇر بۇرىغۇچ بولۇپ، ئۆزى خالىغان ساننى ئويلاپ مەخپىي نومۇر بېكىتىشكە بولىدۇ. باشقىلار بىلىۋالسا باشقا سانلارنى ئالماشتۇرۇپ قوللىنىشقا بولىدۇ.

▲ قاتلىنىدىغان چېلەكنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ چېلەك تۆمۈر ۋە رېزىنكىدىن ياسالغان بولۇپ، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك. 15 كىلوگرام

سۇ قاچىلىغىلى، ئىشلەتمىگەندە قاتلاپ قويغىلى بولىدۇ. يىغىپ قويغاندىكى ھەجىمى ئەسلىدىكى ھەجىمىنىڭ $\frac{1}{5}$ نى ئىگىلەيدۇ. يىغىپ قويغاندىكى شەكلى قېلىن كىتابقا ئوخشاپ كېتىدۇ.

▲ كۆپ ئىقتىدارلىق پاترون (دىڭتو) نىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئېسىپ قويۇپ ئىشلەتكىلى ۋە ئىچىدىكى خالىغان روزېتكا (چاكۇ) غا سىم ئىشلەتمەي بىۋاستە سېلىپ ئىشلەتكىلى شۇنداقلا توك بېسىمىنى كۆپ خىل ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

ئابدۇخەبەر ئابدۇسەمەت بۇ تۆت خىل كەشپىياتنىڭ چېرتيوژى ۋە مودېلىنى 1996 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جۇڭگو پاتېنت ھوقۇقى ئىدارىسىگە ئەۋەتتى. بۇ تۆت كەشپىيات 1998 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جۇڭگو پاتېنت ئىدارىسىنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈش جەريانىدا بور توزانلىرىدىن زەھەرلىنىپ ھەر خىل نەپەس يوللىرى كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، 1999 ـ يىلى 8 ـ ئايدا چاڭ ـ توزان سۈمۈرىدىغان يېڭى تىپتىكى دوسكا ئۆچۈرگۈچ كەشپ قىلدى. بۇ خىل دوسكا ئۆچۈرگۈچنىڭ ياسىلىشى ئاددىي، ئىشلىتىلىشى قولايلىق بولۇپ، تۆمۈر، رېزىنكە ۋە پورژىنىلاردىن ياسالغان. بۇ خىل ئۆچۈرگۈچ بىلەن دوسكا ئۆچۈرگەندە دوسكىدىكى خەتلەرنى پاكىز ئۆچۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا بور توزانلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە سۈمۈرۈۋېلىپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بور توزانلىرىدىن زەھەرلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بۇ ئۆچۈرگۈچنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۆچۈرگۈچنىڭ كونىرىغان قىسمىنى ئېلىۋېتىپ ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. بۇ خىل ئۆچۈرگۈچ 1999 ـ يىلى جۇڭگو پاتېنت ئىدارىسىنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

ئابدۇخەبەر گۈزەل ـ سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆسنخەت ئۆگىنىشى ئۈچۈن ھەر قېتىم ئۇلارغا نۇرغۇن قەلەملەرنى قايچا بىلەن كېسىپ، بىلەي بىلەن سىلىقلاپ بېرىشكە توغرا

كېلەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ قىيىن ئىدى. ھەر مەۋسۇمدا كەم دېگەندىمۇ 300 ـ 400 تال قەلەمنى كېسىپ سىلىقلاشقا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسىپ سىلىقلانغان قەلەمنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆلچەملىك بولۇپ كېتىشى ناتايىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھۆسنخەت قەلىمىنى تەتقىق قىلىشقا باشلايدۇ ھەمدە بىر نەچچە ئون قەلەمنى كېسىش، سىلىقلاش، تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. بۇ قەلەمگە ھازىرغا قەدەر ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ھۆسنخەت قەلەملىرى ۋە ئادەتتىكى قەلەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، قەلەمنىڭ ئۇچى ۋە سىرتقى قېپىغا ئالاھىدە داتلاشماس پولات ئىشلىتىلگەن.

ئۇ بۇ قەلەمنى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىپ ئۆز كەشپىياتىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى بىلەن جەمئىي 80 مىڭ يۈەن پۇل توپلاپ 2 ـ ئاكسى بىلەن 2001 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شاڭخەيگە باردى. دۆلىتىمىزدە پاتېنت ھوقۇقىنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇش، بولۇپمۇ ھەرقايسى شىركەت ۋە زاۋۇتلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، ئاران 10% ~ 5كىچە (ئامېرىكا، ياپونىيە، گېرمانىيىدە (90% ~ 70) ئىدى. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن جۇڭگو قەلەم ياساش ساھەسىدىكى داڭلىق شىركەت «يىڭ شيۇڭ» (قەھرىمان) قەلەم زاۋۇتىغا باردۇ. دەسلەپتە مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر قەلەمنىڭ لايىھىسىنى كۆرۈپ، بولۇپمۇ قەلەم ئۇچىدىكى ئىككى ئېرىقچىنى كۆرۈپ بۇ خىل قەلەمنى ياساشنىڭ قىيىنغا توختايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئىككىيلەن سەل ئۈمىدسىزلىنىدۇ، لېكىن ئۇلار ئاخىر بىز بۇ يەرگە كەلگەنىكەنمىز، چوقۇم قەلەمنى ياساپ قايتىمىز، دېگەن نىيەتكە كېلىپ زاۋۇت تەرەپ بىلەن تەكرار سۆھبەتلىشىدۇ. زاۋۇت تەرەپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان قەلەمنىڭ سانىنىڭ ئازلىقى (10 مىڭ تال) ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەلەمنىڭ تۈزۈلۈشى ئالاھىدە بولغاچقا، ئايرىم ئۈسكۈنە ۋە

ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى سەپلىمىسە بولمايدىغانلىقىنى، زاۋۇتنىڭ ئۈسكۈنە ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنىڭ ئېشىپ كېتىپ پايدا چىقمايدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ قوشۇلمايدۇ. ئەمما، ئىككىيلەن بۇ قەلەمنىڭ مەملىكىتىمىزدىلا ئەمەس، كەلگۈسىدە ئەرەب، پارس، پاكىستان ئەللىرىدىمۇ بازار تاپىدىغانلىقى، بۇنىڭ زاۋۇتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۇلارنى قايىل قىلىدۇ. زاۋۇت تەرەپ ئاخىر 10 مىڭ تال قەلەمنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشلەشكە قوشۇلىدۇ ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسىگە كىرىشىدۇ. بىر نەچچە قېتىملىق تەجرىبىدىن كېيىن قەلەم رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ. قارىماققا قەلەم كۆرۈنۈشتە ئاددىي بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ئۇنداق ئاددىي ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ بۇ خىل قەلەمنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانى مۇرەككەپ بولۇپ، جەمئىي 18 سېختىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئاندىن پۈتۈپ چىقاتتى. قەلەم ياساشتا قەلەم ئۇچى يادرولۇق مەسىلە بولۇپ، مىكرومېتىرلاپ ئۆلچەپ ياسىلاتتى. قەلەم ئۇچىنى ئېگىدىغان مەخسۇس ماركىسىنى ۋە نەقىشنى باسىدىغان قېلىپتىن جەمئىي ئالتە دانە سەپلەنگەن بولۇپ، ئۇ تولىمۇ نازۇك ئىش ئىدى. قېلىپ ئىچ قېلىپ ۋە تاش قېلىپ دەپ ئىككىگە ئايرىلاتتى. قەلەم ئۇچىغا ئېرىقچە ئېلىشمۇ خېلى تەسكە چۈشتى. ئۇزۇن بولۇپ كەتسە ياكى قىسقا بولۇپ قالسا بولمايتتى. ئۇلار نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ ئاخىر كۆپ ئىقتىدارلىق ھۆسنخەت قەلىمى — «ئابدە» ماركىلىق ھۆسنخەت قەلىمىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ ھۆسنخەت قەلىمى نەپىس ۋە ئۆلچەملىك ياسالغان بولۇپ، قەلەمنىڭ ئۇچى ۋە سىرتىغا (سىرتقى قېپىغا) ئالاھىدە داتلاشماس پولات ئىشلىتىلگەن. قەلەمنىڭ ئۇچىدىكى ئىككى ئېرىقچىسى قەلەمنىڭ ئىقتىدارى، سىياھنىڭ راۋانلىقى، قەلەم ئۇچىنىڭ ئېلاستىكلىقىنى ئاشۇرغان. بۇ قەلەم ھەر خىل يېزىقلارنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر يېزىقىنى ئاساس قىلىپ ئەرەب يېزىقى سىستېمىسىدىكى يېزىقلارنى ھۆسنخەت ۋە

ئادەتتىكى خەت شەكلىدە يېزىشقا ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. بۇ قەلەمنىڭ ئىجاد قىلىنىشى يېزىق قوراللىرى تەرەققىياتىدىكى يېڭى ئىلگىرىلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1993 ـ يىلىدىن باشلاپ 2003 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ئابدۇخەبەر جەمئىي 10 تۈرلۈك كەشپىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ دۆلەتنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزىراپ قىسقىرايدىغان چېلەك 2000 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئاۋستىرالىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن 3 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا يېڭى پەن ـ تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلات كۆرگەزمىسىدە ياپونىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە قاتارلىق 14 دۆلەتنىڭ يېڭى كەشپىياتلىرى ئىچىدىن تاللىنىپ ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. چاڭ ـ توزاننى ئۆزىگە سۈمۈرۈۋالىدىغان دوسكا ئۆچۈرگۈچ شۇ يىلى 6 ـ ئايدا شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك يېڭى پەن ـ تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلات كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى.

قاشتېشى دىيارىدىن چىققان ئىجادكار ئوغلان ئابدۇخەبەر ئابدۇسەمەت ياشلىق باھارىنى كەشپىياتقا بېغىشلاپ، ئىلىم ـ پەن گۈلزارىنى تۆھپە بىلەن بېزەپ شەرەپ قۇچۇش بىلەن بىرگە، ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت مۇقەددەس شەرەپلىك خىزمەتنىمۇ ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنىمۇ قولغا كەلتۈردى. 2001 ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئىلغار ياشلار ۋەكىلى، خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئون مۇنەۋۋەر ياشنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى. ئۇنىڭ نامى «جۇڭخۇا كەشپىياتچىلىرى» قامۇسىغا كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك گېزىت ـ ژۇرنال، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدە تونۇشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ فوندى جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىلى سۈپىتىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولدى. ھەر خىل گېزىت ـ ژۇرناللاردا سەككىز پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇ ئۆز كەشپىياتلىرىنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئىشلەپچىقىرىش

كوچىگە ئايلاندۇرۇش، ئۆز خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ خاسىيەتلىك ئىشلارنى قىلىپ بېرىش ئۈچۈن 2001 ـ يىلدىن 2003 ـ يىلغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە بېيجىڭ تىل ـ مەدەنىيەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا خەنزۇ تىلى ۋە ئىنگلىز تىلى ئۆگەندى. يېقىندىن بېرى مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى چوڭ زاۋۇت ۋە شىركەتلەر ھەم چەت ئەللەردىكى بەزى زاۋۇت باشلىقلىرى ئۇنىڭ كەشپىياتىنىڭ پاتېنت ھوقۇقىنى سېتىۋېلىشنى ئىلتىماس قىلماقتا.

— كەشپىيات يارىتىش پەقەت ئاز ساندىكى تالانتلىقلارنىڭ ئىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش. گەپ جۈرئەتلىك، سەۋرچان، يېڭىلىق يارىتىش، ئىزدىنىش روھىغا ئىگە بولۇشتا،— دەيدۇ ئابدۇخەبەر ئابدۇسەمەت.

توغرا، ئابدۇخەبەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن بۇلارنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. ئابدۇخەبەر بىر كەشپىياتچى شۇنداقلا بىر ئوقۇتقۇچى. ئۇ ئۆزىدىكى روھنى ئەۋلادلار ۋۇجۇدىدا چاقنىتىپ، كەلگۈسىدە يەنە ئۆزىگە ئوخشاش نەچچە يۈزلىگەن ئىختىراچىلارنى «ئىخترا» قىلىشى مۇمكىن.

ئابدۇخەبەر، سىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز!

ئۇ يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر پەن ـ تېخنىكا يېتەكچىلىرى جەمئىيىتى تەرىپىدىن لىكتورلۇققا تەكلىپ قىلىندى.

ئۇ ئىجاد قىلغان كەشپىياتلارنىڭ تىزىملىكى:

1. ئۇزارتقىلى ۋە قىسقارتقىلى بولىدىغان چېلەك

پاتېنت نومۇرى: ZL 97219622.6

پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ۋاقتى:

1997 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

2. مەخپىي نومۇرلۇق ۋېلسىپىت قۇلۇپى

پاتېنت نومۇرى: ZL 97229343.4

پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ۋاقتى:

1997 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

3. تونزانسىز دوسكا سۈرتكۈچ

پاتېنت نومۇرى: ZL 99219149.1

پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ۋاقتى:

1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

4. بىخەتەر ئىلمەكلىك بۈرملىق پاترون

پاتېنت نومۇرى: ZL 99219150.5

پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ۋاقتى:

1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

5. كۆپ ئىقتىدارلىق پاترون

پاتېنت نومۇرى: ZL 00246508.6

پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ۋاقتى:

2000 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

6. 360° ئايلاندۇرغىلى بولىدىغان ئۆمرى ئۇزۇن كۆن نۇرلۇق (نوغۇچ چىراغ) لامپا

پاتېنت نومۇرى: ZL 0024129.4

پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ۋاقتى:

2000 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

7. يورۇقلۇقنى ئۈچ خىل تەڭشىگىلى بولىدىغان ئۆمرى ئۇزۇن چوغلانما لامپا

پاتېنت نومۇرى: ZL 00255777.0

پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ۋاقتى:

2000 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى


8. كۆپ ئىقتىدارلىق ھۆسنخەت قەلەم

پاتېنت نومۇرى: ZL 0122524.3

پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ۋاقتى:

2001 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

9. يېڭى تىپتىكى گۈزەل ـ سەنئەت قەلىمى
پاتېنت نومۇرى: ZL 02204678. X
پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ۋاقتى:
2002 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى
10. قوش يۈزلۈك چىش چوتكىسى
پاتېنت نومۇرى: ZL 02245937. 2
پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ۋاقتى:
2002 ـ يىلى 10 ـ ئاي



قىزىقىشىم
شاھمات ئويناش، ساياھەت قىلىش، رەسىم سىزىش، ھۆسنخەت يېزىش، ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، ماركا يىغىش، سۆھبەتلىشىش، كۆرگەزمىخانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش قاتارلىقلار.

※ ※ ※

# پىداكار قەيسەر كەشپىياتچى



ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخى ئىجادىيەت ۋە كەشپىيات ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆزىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتى ئارقىلىق ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلدى. بۈگۈنكى دەۋردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئۇلۇغ ئارمانلار بىلەن ئىجادىيەت، ئىختىرا ئۈچۈن ئۈن - تىنسىز ئىزدىنىپ مىللىتىمىزنىڭ ئەقىل - پاراستىنى نامايان قىلىۋاتقان ئىرادىلىك ياشلىرىمىز ئاز ئەمەس. ياش كەشپىياتچى بەختىيار ئابدۇشۈكۈر ئەنە شۇلارنىڭ بىرى.

بەختىيار 1966 - يىلى 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مورى ناھىيىسىنىڭ «بوستان» چارۋىچىلىق مەيدانىدا ھەربىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا خەنزۇ تىلىدىكى ماتېرىياللاردىن بىۋاستە پايدىلىنالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. ئۇنىڭ ئانىسى ستەمخان جاپاكەش، ئاق كۆڭۈل ئانا بولغاچقا، تۇرمۇشنىڭ جاپالىرىغا بەرداشلىق بېرىپ بارلىقىنى توققۇز پەرزەنتىنىڭ كەلگۈسىدە يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشىغا بېغىشلىدى. يولدىشىنىڭ خەلق قوراللىق بۆلۈمىدىكى خىزمىتى ئالدىراش بولغاچقا، ئۇ ئائىلىدە ھەم ئاتا، ھەم ئانا بولدى. لېكىن ئۇ تۇرمۇشىدىن سۆيۈنۈپ، قىلچىمۇ ۋايسىمىدى. بەختىيار 1984 - يىلى 7 - ئايدا مورى ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ تۆمۈر يول مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى. ئۇ مەكتەپتە تىرىشىپ ئوقۇدى، كەلگۈسىدىكى تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن ماتېرىيال توپلىدى. ئۇ جىمغۇر بولۇپ، يالغۇزلۇقنى ياخشى كۆرەتتى. دائىم نېمىنىدۇر خىيال قىلاتتى،

ئۇنىڭ خىيالىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ياساش، قانداق ئۆزگەرتىش كەتمەيتتى. كىتاب كۆرەتتى، ئانالىز قىلاتتى. 1988 ـ يىلى ئوقۇشىنى تاماملاپ ئاپتونوم رايونلۇق تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ غەربىي ۋوگزالىغا خىزمەتكە چىقتى.

خىزمەتكە چىققاندا ئۆزى ئوقۇغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش كۆڭلىگە يۈكسەك ئارزۇ ـ ئارمان، غايىلەرنى پۈككەن بۇ ياشنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. ئۇ خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ تەتقىقات ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. بارلىقىنى كەشپىيات ئىشلىرىغا، ئىزدىنىشكە سەرپ قىلغاچقا، يولدا ماڭسىمۇ، تۇرسىمۇ كاللىسىدىكى تۈگۈننى يېشىش ئۈچۈن ئويلىناتتى. شۇڭا، دوستلىرى ئۇنى «ساراڭ» غا چىقىرىۋەتكەنىدى. ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي بۇ كەشپىياتچى ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلىدى. ئارىدىن بەش يىل ئۆتتى. 1994 ـ يىلى ئۇ ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. يەنى 1994 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۇ كەشىپ قىلغان «كۆپ ئىقتىدارلىق تۆمۈر يول سوستاپ چىرىغى» دۆلەت پاتېنت ئىدارىسى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ پاتېنت هوقۇقىغا ئېرىشتى. بۇ كەشپىياتنىڭ پاتېنت نومۇرى: ZL 93243004. X

نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدىكى تۆمۈر يول، پرىستان، مال چۈشۈرۈش مەيدانى، ئامبار قاتارلىق ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىدىغانلار كېچىدە سىگنال چىرىغى ئارقىلىق مەشغۇلات ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار مەشغۇلات جەريانىدا بىر قولىدا خاتىرىلەش تاختىسىنى تۇتسا، يەنە بىر قولىدا سىگنال چىرىغىنى تۇتۇپ، ۋاگون نومۇرى، مال ۋە خاتىرىلەش دەپتىرىنى يورۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن، خىزمەتتە قولايسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقارسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خىزمەت ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ هەم كېچىدە خىزمەت قىلغۇچىلار ئۈچۈن بىخەتەر ئەمەس.

بەختىيار بۇ قىيىنچىلىقنى هەل قىلىش ئۈچۈن «كۆپ ئىقتىدارلىق تۆمۈر يول سوستاپ چىرىغى»نى ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ

ئۇسكۇنىدە ۋاگون نومۇرى چىرىغى، خاتىرىلەش تاختىسى، ئېلېكترونلۇق مېڭە قاتارلىقلار بىر گەۋدە قىلىنغان. بۇ مەھسۇلات 1994 ـ يىلى بېيجىڭ خەلقئارا يېڭى مەھسۇلات، يېڭى كەشپىيات يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇرۇلدى.

ئۇ 1995 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت 7دە ئۈرۈمچى سودا يەرمەنكىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئالدىنئالا ئىگىلەپ، مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ھەمكارلاشقۇچى تېپىشقا ئاتلىنىدۇ. كۈتۈلمىگەندە جىددىيلەشكەن بۇ ياش پويىز ۋەقەسىگە ئۇچراپ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ. 1996 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سالامەتلىكى نىسبەتەن ئەسلىگە كېلىدۇ، شۇنداقتىمۇ قايتىپ چىقىدۇ. ئۇ خېلىلا ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇپ سالامەتلىكىنى بۇرۇنراق ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. 1996 ـ يىلى چىن قەلبىدىن سۆيگەن قىزى بىلەن تويى بولۇشقا ئۈچ كۈن قالغاندا بەختىيارنىڭ ئائىلىسىگە يەنە بىر بەختسىزلىك كېلىدۇ. 26 ياشقا كىرگەن ئىنىسى غالىپ قاتىللىق ۋەقەسىگە ئۇچراپ 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ ئىش بەختىيارغا ئىنتايىن ئېغىر كېلىدۇ. ھاياتىدا نۇرغۇن قېتىم ئۇڭۇشسىزلىققا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەيدۇ. ۋاپادار ئايالى پەرىدە ئۇنى ئۈمىدلەندۈرۈپ روھىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى ھەر جەھەتتىن قوللايدۇ. ئۇ «ئۈمىدسىزلىك شەيتاننىڭ ئىشى، مەن ھەرگىزمۇ ئۈمىدسىزلەنمەيمەن» دەپ قاراپ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن غەيرەتكە كېلىپ، قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ تەتقىقاتقا كىرىشىپ كېتىدۇ.

بەختىيار يەنە 1996 ـ يىلى «بوشلۇقتىكى ئالىي شاھمات»، 1998 ـ يىلى «قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ھەربىي بايرىقى»، «M. S تەبىئىي سائەت» قاتارلىق كەشپىياتلارنى ياراتتى. 2000 ـ يىلى ئۇ يەنە ئايالى پەرىدە بىلەن بىرلىشىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مودا ئېقىمى شەھەر تۇرمۇشىنى ئۆز ئالدىغا قاراپ يېتەكلەپ يېڭىلىققا

ئىنتىلدۇردى. كىشىلەر كاستۇم، گالستۇك دېگەنلەردىن زېرىكىپ يۇقىرى تېخنىكىلىق نەرسىلەرنى قوغلىشىدىغان بولدى. مانا مۇشۇ ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئۇلار «دىل قۇلۇپ» كىيىمىنى ئەتراپلىق، ئىنچىكە لايىھىلەپ چىقتى. بۇ كىيىمنىڭ ياقىسى ئۆزگەرتىلگەن، تۈگمىسى توغرىسىغا تۇتۇلغان، كەينى زامانىۋى، دىل قۇلۇپى ئېسىلغان بولۇپ، كىشىلەر ئۆزىنىڭ كىيىنىشى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەربىيىلىنىشى، ئەقىدارى ۋە ئەقىل ـ پاراستىنى نامايان قىلىدۇ. «دىل قۇلۇپ» كىيىمى مۇشۇلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. دىل قۇلۇپى بۇ كىيىمنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ چوڭ، كىچىك ئىككى قۇلۇپقا بۆلۈنگەن. چوڭى «دەۋرلەشكەن» قۇلۇپ، كىچىكى چوڭىنىڭ ئۆلگىسى. چوڭ قۇلۇپى كېچىدە نۇر چاچىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە كىشىلەر قىزىقىدىغان نۇرغۇن سۈرەتلەر بار. ئۇنىڭدىن باشقا كىيىمنىڭ ئىچى ۋە تېشىدا بىردىن تېرمومېتىر بولۇپ، كىيىم ئىچىدىكى تېرمومېتىر ئادەمنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى، كىيىم سىرتىدىكى تېرمومېتىر سىرتقى مۇھىتنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ماگنىتلىق داۋالاش رولىمۇ بار. بۇ كىيىم يەنە شەرق كىيىملىرىنىڭ تەكشى يۈزلۈك بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن غەرب كىيىملىرىنىڭ پۈتۈن گەۋدىلەشتۈرۈش ئالاھىدىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، مىللىيچە ئالاھىدىلىكمۇ ئۆزئارا سىڭدۈرۈلۈپ، جۇڭگوچە ۋە غەربچە ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزئارا مۇجەسسەملەشتۈرگەن. كىيىمنىڭ ياقىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي كىيىملىرىنىڭ ياقىسى بىلەن ئوخشاش بولۇشى كىيىمنىڭ قىياپىتىنى تەكىتلەپلا قالماي، كىيىمنىڭ مىللىي خاسلىقىنى نامايان قىلغان. رەختى ئالىي دەرىجىلىك، ئىنچىكە يىپلىق، سۇ، ماي يۇقۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان رەختتىن تىكىلگەن.

بەختىيارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى بىكار كەتمىدى. ئۇ نەتىجىلىرى ئارقىلىق «دۇنيادىكى مەشھۇر كىشىلەر ئوكيانۇسى»دىن ئورۇن ئالدى. ئۇ يەنە 1997 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گېرمانىيىدىكى «دۇنيادىكى جۇڭخۇا

ئەزىمەتلىرى كاتولوگى»غا، 1998 ـ يىلى 3 ـ ئايدا «ئىلىم ـ پەندىكى جۇڭگولۇقلار، بويگونكى مۇتەخەسسىسلەر، ئىختىساسلىقلار» چوڭ لۇغىتىگە، 1994 ـ يىلى 7 ـ ئايدا «جۇڭخۇا پەرزەنتلىرى»گە، 1994 ـ يىلى 8 ـ ئايدا «جۇڭخۇا مەشھۇر شەخسلەر لۇغىتى» نىڭ 5 ـ تومىغا، 1998-يىلى 11-ئايدا «جۇڭگودىكى مۇتەخەسسىسلەر ئىسمىلىكى لۇغىتى» نىڭ 7-تومىغا، 1999-يىلى 5-ئايدا «جۇڭگو ئىختىساسلىقلار ئامبىرى»غا، 2000 ـ يىلى چوڭ تىپتىكى يورۇشلەشكەن «شانلىق نەتىجە، ئەسىر نۇرى»غا، 2000 ـ يىلى 4 ـ ئايدا «دۇنيادىكى داڭلىق كىشىلەر قامۇسى»غا، 2000 ـ يىلى 7 ـ ئايدا «دۇنيادىكى كاتتا جۇڭگولۇق كەشپىياتچىلار»غا، 2001 ـ يىلى 10 ـ ئايدا «مۇۋاپىقلاشتۇرۇلغان تېخنىكىلىق تەكلىپلەرنى ئۆزگەرتىش نەتىجىلىرى»گە، 2002 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «دۇنياغا يۈزلەنگەن جۇڭگو»غا، 2003 ـ يىلى 5 ـ ئايدا «جۇڭخۇاغا مۇھەببەت — دۆلەت ئىچى، سىرتىدىكى جۇڭگولۇق مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش خاتىرىسى»گە، 2003 ـ يىلى 7 ـ ئايدا «يېڭى دەۋر باشقۇرۇش مۇتەخەسسىسلىرى يورۇشلۇك كىتابى»غا، 2003 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شياڭگاڭدا نەشر قىلىنغان «دۇنيادىكى مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى لۇغىتى»گە كىرگۈزۈلدى. بىراق ئىجادىيەتنى كەشپ قىلىش ۋە ئۇنى ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بەلگىلىك ئىقتىساد كېتىدۇ. ئۇ چەكلىك ئىش ھەققى ۋە زېھنىنى سەرپ قىلىپ قەرزدار بولۇپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبلىك 1999 ـ يىلى «3 ـ نۆۋەتلىك ئېينىشتېين دۇنيا كەشپىياتچىلىرى كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىش تەكلىپىنى تاپشۇرۇپ ئالغان بولسىمۇ بارالمايدۇ. 2000 ـ يىلى نىڭبودا كىيىم لايىھىسىنى ئىشلەپچىقىرىشقا ھەمكارلىشىش تەكلىپنامىسى كەلسىمۇ، لېكىن ئىقتىساد تۈپەيلى بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ.

بۇ پىداكار كەشپىياتچىمىزنىڭ يېقىندا «توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك تېخنىكىسى ۋە ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى

ئالغا سىلجىتىش ھەققىدە قاراشلىرىم» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنىپ، «جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلىرى 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات»قا ئېرىشتى. بارلىقىنى خەلقىمىزنىڭ كەلگۈسىگە ئاتىۋەتكەن بۇ پىداكار ياش ھازىر ئاق قان كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ، جىسمانىيىتى ناچارلاشقان بولسىمۇ، يەنىلا پىداكارلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. بىز ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىپ، تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. چۈنكى، خەلقىمىز بەختىيار ئابدۇشۈكۈردەك پىداكارلارغا موھتاج.

※ ※ ※

# كەشپىياتچى ئابلەت ئىمىن توغرىسىدا



ئابلەت ئىمىن 1964 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قەشقەر قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ كۆكيار يېزا، شىخپۇ كەنتىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز يېزىسىدا ئوقۇغان. ئابلەتنىڭ ئانىسى گەرچە باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە ئائىلە ئايالى بولسىمۇ، لېكىن زېرەك، چېچەن ئايال بولۇپ، ئابلەت كىچىك ۋاقتىدا خاپا قىلىپ يىغلىسا، ئۇنىڭغا تورلۇك قۇش، ھايۋاناتنىڭ رەسىملىرىنى سىزىپ بېرىپ ئۇنى بەزلەيتتى ھەمدە ئۇنىڭغا ئۇنى، بۇنى سىزدۇراتتى. رەھمەتلىك ئانىسىنىڭ ئەنە شۇنداق يېتەكلىشى ۋە تەربىيىلىشى بىلەن ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىدە گۈزەل ـ سەنئەتكە بولغان قىزىقىش ئىشتىياقى پەيدا بولدى. مىڭ يىللىق توغراقلار، قارلىق تاغلار، ئالتۇن رەڭ قۇم بارخانلىرى، تولغىنىپ ئېقىۋاتقان خالاستان دەرياسى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇراتتى. ئاشۇ گۈزەل ـ سەنئەتكە بولغان ئىشتىياقى بىلەن ئۇ 1982 ـ يىلى قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ گۈزەل ـ سەنئەت سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇشقا كىرىدۇ. 1985 ـ يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ كۆكيار يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنىدۇ. 1986 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدىكى خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن 1988 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ سىمسىز ئېلېكتر كەسپىدە ئىككى يىل بىلىم ئاشۇرىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ ئوقۇغىنى سىمسىز ئېلېكتر كەسپى

بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا گۈزەل ـ سەنئەتنى قىزغىن سۆيەتتى. 1995 ـ يىلى ئۇ ئىدارىدە چوڭ خەت يېزىۋېتىپ تۇيۇقسىز كاللىسىغا: «نېمە ئۈچۈن چوڭ خەت يازىدىغان قەلەم ئىشلەنمەيدىغاندۇ؟ بۇنى بىرى لايىھەلەپ ئىشلەپچىقارمىسا ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ قالامدۇ؟ مەن ياساپ باقسام قانداق بولار؟ ياق، كەشىپ قىلىش ئالىملارنىڭ ئىشى، ئادەتتىكى ئادەملەر قىلالماسلىقى مۇمكىن، ھەرقانداق ئىش قىلماسلىقتىن قالىدۇ، مەن چوقۇم ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆسنخەت يېزىشىغا قولايلىق قەلەمنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىم كېرەك»، مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ ئوي ـ خىياللار بىلەن بىر نەچچە كۈن ئۆتتى. ئۇ ئاخىر قولىغا قەلەم ئېلىپ لايىھىسىنى سىزىشقا كىرىشىدۇ. مۇۋاپىق ماتېرىيال تاللاش ئۈچۈن ياغاچ، سۇلياۋلارنى قىرىپ كېسىدۇ. ئۇ 1999 ـ يىلى قوپالراق، كۆرۈمسىزرەك بولسىمۇ بىر قەلەم ياساپ چىقىدۇ. بۇ دەل «خالاستان» ماركىلىق كۆپ ئىقتىدارلىق ھۆسنخەت قەلىمىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى ئىدى. ئۇ بۇ كۆپ ئىقتىدارلىق ھۆسنخەت قەلىمىنى 2000 ـ يىلى پاتېنتقا ئىلتىماس قىلغاندىن كېيىن 2001 ـ يىلى 2 ـ ئايدا دۆلەت ئەقلىي مۈلۈك پاتېنت ئىدارىسى تەرىپىدىن پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 00232804. 6

بۇ «كۆپ ئىقتىدارلىق ھۆسنخەت قەلىمى»نىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، قەلەم ئۇچىنى ئالماشتۇرۇشقا، يەنى چوڭ، كىچىك ھەر خىل ئۆلچەمدىكى ياپىلاق ئۇچىنى ۋە موي ئۇچىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ يېزىقىنى ھەرخىل ئۆلچەمدىكى ھۆسنخەت شەكلىدە يېزىشقا بولىدۇ.

ئۇنىڭ بۇ كەشپىياتى شۇ يىلى شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «شياڭگاڭ خەلقئارا پاتېنت پەن ـ تېخنىكا كۆرگەزمىسى»دە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا، شۇ يىللىق «دۇنيا پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات نەتىجىلىرى» شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

ئۇ يەنە ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق ئالاھىدە ئىقتىدارلىق

«ھۆسنخەت قەلەم ئۇچى»نى ياساپ، 2002 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 01203429.0

بۇ قەلەم ئۇچىنىڭ ئالاھىدىلىكى: قەلەم ئۇچى پەلەمپەي شەكلىدە ياسالغان بولۇپ، بىرلا ئۇچ ئارقىلىق ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يېزىقىنى چوڭ، كىچىك ھەر خىل ئۆلچەمدىكى ھۆسنخەت شەكلىدە يېزىشقىمۇ بولىدۇ. كەينىچە قىلىپ تۇتقاندا ئادەتتىكى كىچىك خەت شەكلىنى يېزىشقىمۇ ئىنتايىن قۇلايلىق.

بىر ئىشنى قىلغانىكەن، چوقۇم بىر باشقا ئېلىپ چىقىش كېرەك. ئۇ بۇ كەشپىياتلىرىنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇش قارارىغا كېلىپ ئانا يۇرتى قاغىلىقنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان دەريا «خالاستان» دەرياسىنىڭ نامىنى قەلەم ماركىسى قىلىپ تاللاپ ئاپتونوم رايونلۇق تاۋار ماركا ئىشلىرى ئورنىغا رويخەتكە ئالدۇردى.

ئۇ 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ توپلاپ ئېچكىرىدىكى قەلەم زاۋۇتىغا بېرىپ «خالاستان» ماركىلىق ھۆسنخەت قەلىمىنى ئىشلەپ بازارغا سالدى. قەلەم ئىشلەپچىقىرىلىپ بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن كەڭ خېرىدارلارنىڭ، بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى.

ئابلەت ئىمىن بۇ كەشپىيات نەتىجىلىرى بىلەن قانائەتلىنىپلا قالماي يەنە داۋاملىق ئىزدىنىپ يېڭى كەشپىياتلارنى يارىتىپ مىللىتىمىز ۋە خەلقىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ شان ـ شەرەپلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشماقتا. بىز ئۇنىڭغا چەكسىز مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

# تۆھپىكار باغۋەن، ئۇستاز كەشپىياتچى



ئابدۇللا تۇرسۇن ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ۋە ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدى. چۈنكى، ئۇ ئىنسانىيەتكە تەھدىت ئېلىپ كېلىۋاتقان يۈرەك كېسەللىكى قوزغالغان ھالقىلىق پەيتتە قۇتقۇزىدىغان ۋە باشقىلارنى ياردەمگە چاقىرىدىغان بىرەر ئەسۋابنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان ۋە ئۇنى ياساپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشقانىدى. ئۇ كەشىپ قىلغان «ئېلېكترونلۇق جىددىي قۇتقۇزۇش قەلىمى» ئۇنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. دېمەك، ئۇ غەلىبە قىلىپ كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

ئابدۇللا تۇرسۇن 1934 ـ يىلى 10 ـ ئايدا خوتەن شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1953 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپىگە تەقسىم قىلىنغان. 1962 ـ يىلغىچە ئوقۇتقۇچى، ئىلمىي مۇدىر، قوشۇمچە ۋىلايەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنى ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1962 ـ يىلىدىن 1981 ـ يىلغىچە ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىق ۋە ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئىلمىي ئىشلار مەسئۇلى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن ھەم قوشۇمچە شىنجاڭ رادىئو سىفەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىدە بىلىم ئاشۇرغان. 1981 ـ يىلىدىن 1999 ـ يىلغىچە ۋىلايەتلىك سىفەن مەكتىپى ئاساسىغا قۇرۇلغان شىنجاڭ خوتەن سىفەن ئالىي تېخنىكومى مەكتىپىدە ئىلمىي باشقارما باشلىقى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋە تەتقىقاتچى قاتارلىق

ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئىلمىي ئۇنۋانى مۇئاۋىن ئالىي تەتقىقاتچى.

ئابدۇللا تۇرسۇن ئىلگىرى ئۆزى ئوقۇتقان ھەم بىللە خىزمەت قىلغان ياش جەھەتتە ئۆزىدىن خېلىلا كىچىك بولغان كىشىلەرنىڭ يۈرەك كېسەللىكى بىلەن ئۇشتۇمتۇتلا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇردى ۋە ئېچىندى.

ئۇ تېببىي ئىلىم غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلارنىڭ يار ـ يۆلەكسىز بىئەجەل ئۆلۈپ كېتىشى تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال ئەمەسمۇ؟ دەپ ئويلايدۇ ھەم بۇ جەھەتتە بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش مەقسىتىدە تېخىمۇ ئىزدىنىدۇ. ئۇ بىر يۈرۈش لايىھەلەرنى تەييارلاپ 1994 ـ يىلى شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ قارىمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا كادىرلار بۆلۈمىگە ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرتۈش ئۈچۈن كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىنى داۋالىتىش بىلەن بىرگە بۇ جايدىكى يۈرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بىمارلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۇلاردىن ئەھۋال ئىگىلەيدۇ. يۈرەك كېسەللىكىنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشىدۇ. دوختۇرلاردىن يۈرەك كېسەللىكى ھەققىدە تونۇشقا ھەمدە بىلىمگە ئىگە بولىدۇ.

بۇ دوختۇرخانىدىكى بىر قىز بىمار قۇتقۇزۇش دورىسىنى مەيدە يانچۇقىغا سېلىپ سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا تۇيۇقسىز يۈرەك كېسەللىكى قوزغىلىپ، يېنىدىكى ئادەمگە گەپ قىلالماي، پەقەت ئوڭ قولى بىلەن مەيدە يانچۇقىغا سېلىۋالغان قۇتقۇزۇش دورىسىنى شەرەت قىلىدۇ. يېنىدىكى ئادەم يۈرەك كېسەللىكى قوزغالغانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ يانچۇقىدا دورا بارلىقىنى بىلمىگەچكە، ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرىدۇ. بىمار ئاخىر ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇللا تۇرسۇن كېچە ـ كۈندۈز ئىزدىنىدۇ ھەم ئاۋاز ئارقىلىق باشقىلارنى ياردەمگە چاقىرىدىغان، قىزىل نۇر ئارقىلىق باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان «ئېلېكترونلۇق جىددىي قۇتقۇزۇش قەلىمى»نى لايىھەلەپ چىقىدۇ. خەلقئارا ۋە ئېلىمىزدە نامى بار يۈرەك ۋە قان تومۇر كېسەللىكى مۇتەخەسسىسلىرىدىن روزى ھاجى ۋە خېلىڭ شىنلارنى تەكلىپ قىلىپ تەييارلىق لايىھىنى تونۇشتۇرىدۇ. ئۇلار ئابدۇللا تۇرسۇننىڭ بۇ كەشپىياتىغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ ۋە ئۇنى

ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئابدۇللا تۇرسۇن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ دوختۇرخانىنىڭ ئۆزىدىلا ئۇسكۈنىنىڭ خەرىتىسى ۋە قۇتقۇزۇش پىرىنسىپى توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى تەييارلاپ شىنجاڭ پاتېنت ئىدارىسىگە تاپشۇرىدۇ. 1995 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مەركىزىي پاتېنت ئىدارىسى پاتېنت گۇۋاھنامىسى ئەۋەتىدۇ. 8 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان 3 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك پاتېنت كۆرگەزمىسىگە قاتنىششقا ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىدۇ. كۆرگەزمىدە ئۇ كەشىپ قىلغان «ئېلېكترونلۇق جىددىي قۇتقۇزۇش قەلىمى» ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىدۇ. گەرچە كەشپىيات پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئابدۇللا تۇرسۇن ئۇنى داۋاملىق تەتقىق قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلدى. چۈنكى، دەسلەپكى لايىھەدە ئۇسكۈنىدە پەقەت باشقىلارنى ياردەمگە چاقىرىپ بېرىدۇ. ئەگەر يۈرەك كېسەللىكى بار بىمارنىڭ ئەتراپىدا ھېچكىم بولمىسا بىمارنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچراش كېرەكمۇ؟ بۇ سوئال ئابدۇللا تۇرسۇننىڭ يەنە توختىماي ئىزدىنىشىگە، تەتقىق قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. ئۇ يەنە نەتىجە قازاندى. ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزالايدىغان يەنە بىر لايىھىنى تەييارلىدى. يەنى ئالدىنقى ئېلېكترونلۇق چاقىرىش قۇرۇلمىسىغا ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزالايدىغان ئاپتوماتىك قۇرۇلمىنى قوشۇپ «ئىككىنچى ئەۋلاد ئېلېكترونلۇق جىددىي قۇتقۇزۇش قەلىمى» ماتېرىيالىنى جۇڭگو پاتېنت ئىدارىسىگە يوللاپ، 2000 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «ئىككىنچى ئەۋلاد جىددىي قۇتقۇزۇش قەلىمى» پاتېنت ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. «ئېلېكترونلۇق جىددىي قۇتقۇزۇش قەلىمى» يۈرەكنىڭ جايلاشقان ئورنى، بىمارنىڭ كېسەللىك قوزغالغان چاغدا ئوڭ قولى بىلەن تەبىئىي ھالدا يۈرەك ئۈستىنى تۇتۇش ھالىتى ۋە چىراغ ئارقىلىق بېرىلگەن بەلگىنى ئېنىق كۆرۈش ۋە ياردەمگە چاقىرىلغان ئاۋازنى توسالغۇسىز ئاڭلاشقا قۇلاي بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ سول مەيدە يانچۇقىغا قىستۇرۇلىدىغان شەكىلدە لايىھىلەندى. يۈرەك كېسەللىكى جىددىي قوزغالغان بىمار بۇرنىنى قەلەم ئۇچىغا يېقىنلاشتۇرۇپ ۋېكليۇچاتېلنى يېنىك بېسىپ قويسا قەلەمنىڭ ئاپتوماتىك قىسمى تېزلىكتە قەلەم ئۇچىغا قاچىلانغان ئاملىس نىترىتنى نەپەس يولىغا كىرگۈزۈپ بېرىپ، يېرىم مىنۇت ئىچىدە

كېسەللىك ئالامىتىنى يېنىكلىتىپ خەتەرنى تىزگىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەلەمنىڭ قىزىل چىرىغى يېنىپ «جىددىي قۇتقۇزۇۋېلىڭلار» دەپ ئاۋاز چىقىرىپ باشقىلارنى ياردەمگە چاقىرىدۇ. 20 مېتىر دائىرىدە ئاۋازنى ئاڭلىغىلى، چىراغ بەلگىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئاپتوماتىك قۇتقۇزۇشنىڭ ئۈنۈمىگە قاراپ ئۆزى ياكى ياردەم بەرگۈچى زۆرۈر تېپىلغاندا قەلەمنىڭ ئاستىغا قاچىلانغان دورا قۇتىسىنى ئېچىپ، نىتروگلىتسېرىن (硝酸甘油片) تابلېتكىسى ياكى تىنچلاندۇرۇش (安定) تابلېتكىسى ئىشلەتسە تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

«1 ـ ئەۋلاد ئېلېكترونلۇق جىددىي قۇتقۇزۇش قەلىمى»نىڭ كەشپىيات پاتېنت نومۇرى: ZL 94217291.4

«2 ـ ئەۋلاد ئېلېكترونلۇق جىددىي قۇتقۇزۇش قەلىمى»نىڭ كەشپىيات پاتېنت نومۇرى: ZL 99207508.4

2 ـ ئەۋلاد جىددىي قۇتقۇزۇش قەلىمى ئىككى خىل شەكىلدە لايىھەلەنگەن بولۇپ، ئەرلەر ئۈچۈن قەلەم شەكلىدە، ئاياللار ئۈچۈن بۇلاپكا شەكلىدە لايىھەلەنگەن. تۈزۈلۈشى ئىلغار، كۆرۈنۈشى نەپىس، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

ھازىرغا قەدەر ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە، شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى نۇرغۇن ئورۇنلاردىن كۆرگەزمە تەكلىپى ۋە ئالاقىلىشىش خەتلىرى كەلدى. ئەمما، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ قەيسەر ئوغلانى يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغانلىقى ۋە بېرىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولغاچقا بارالمىدى. يېشى 70 لەرگە بېرىپ قالغان بۇ باغۋەن ھازىرمۇ مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىگە قارىماي، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن كىتاب يازماقتا.

بىز بۇ ئۇلۇغ ئۇستاز ۋە كەشپىياتچىمىزغا ئۇزۇن ئۆمۈر، تېنىگە سالامەتلىك ۋە ئىشلىرىغا ئۇتۇق تىلەيمىز.

※ ※ ※

# ساخاۋەتلىك كەشپىياتچى

***ئۆتۈك — هاندۇۋا① شەكىللىك تۇمۇر. ئۇنى ئوت بىلەن قىزىتىپ كىيىملەرنىڭ پۇرلەشكەن جايلىرىغا بېسىپ تۈزلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.***

***— مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»***



سىز كۇچا (كۇسەن) تاشكېمىرلىرىدىكى كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان پەرىزاتلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى كۆرگەنمۇ؟ «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»نى ئوقۇغانمۇ؟ ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان كىيىم - كېچەك نۇسخىلىرى، ئۇنى كىيگەن ھۆر - پەرىزاتلاردىكى، بەگ - ساخاۋەتچىلەردىكى لاتاپەت ۋە سالاپەتنى ھېس قىلغانمىدىڭىز؟ ئەمما، شۇ لىباسلارنى كۆركەمگە ئىگە قىلغان، پارلاق كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىمىز بىلەن بىرگە تا ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن تەۋەررۈك مىراس — ئۆتۈك (دەزمال) ئۆزىنىڭ قەدىم ماكانلىرىدىن بىرى بولغان شۆھرەتلىك ماكان كۇسەندە باشقىچە روياپقا چىقتى.

كەشپىياتچى ئابلەت مىجىت 1979 - يىلى 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كۇچا ناھىيە خانقىتام يېزا يېڭى مەھەللە كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئاران 2 - يىللىققىچە ئوقۇيالىغان. 1992 - يىلى يېزىسىدىكى بىر ئۇستامغا تىككۈچىلىككە شاگىرتلىققا كىرىپ، بىر مەزگىل تىككۈچىلىكنى ئۆگەنگەن. ئاندىن كۇچا ناھىيە بازىرىدا ئوقۇپ كېيىن ئۇرۇمچىدە كىيىم - كېچەك لايىھىلەش

① هاندۇۋا — ئەندۇ سۇۋاقچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان قورال.

كەسپىدە بىلىم ئاشۇرۇپ كەلگەن.

ئۇ تىككۈچىلىك ۋە كىيىم - كېچەك لايىھىلەش كەسپىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يەتتە يىل ئوقۇپ بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان نەزەرىيىۋى بىلىم ۋە ئەمەلىي قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈپ، لايىھىلەش ۋە تىكىش قابىلىيىتىنىڭ ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە پۇختا ئاساس سالغان.

ئابلەت مىجىت 2001 - يىلى 10 - ئايدا كۇچا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قارىمىقىدىكى تىككۈچىلىك كەسپى تەربىيىلەش مەركىزىنى قۇرۇپ چىققان.

ئۇ بىر تەرەپتىن، شاگىرت تەربىيىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆز كەسپىدە يېڭىلىق يارىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ.

ئۇ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى كىيىم - كېچەكلەرنى دەزماللاش جەريانىدا ھازىر ئىشلىتىۋاتقان توك دەزمىلى ۋە ئوت دەزمىلىنىڭ بىر قىسىم يېتەرسىزلىكلىرىنى بايقايدۇ. ئابلەت مىجىت رەخت ۋە كىيىم - كېچەكلەرنى كۆيدۈرۈۋەتمەيدىغان، توك قاچىمايدىغان، توك بولمىسىمۇ باشقا ئۇسۇل ئارقىلىق قىزدۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق بىر دەزمالنى ياساپ چىقىش ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرىدۇ. ئۇ بىرنەچچە خىل دەزمالنىڭ كەمچىلىك ۋە ئالاھىدىلىكى، ئۆزىنىڭ بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى دەزمال ئىشلىتىش جەريانىدا بايقىغان قىيىنچىلىقلىرى، توپلىغان ئەمەلىي تەجرىبىلىرى، دەزمالنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ۋە ئىشلەش پرىنسىپىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىش، سىناق قىلىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق 2002 - يىلى ھەم توك بىلەن، ھەم ئىسسىق سۇ بىلەن قىزدۇرۇلىدىغان ئىككى باشلىق، كۆپ ئىقتىدارلىق دەزمالنى ياساپ چىقىدۇ ھەمدە 2002 - يىلى 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى دۆلەتلىك ئەقلىي مۈلۈك ئىدارىسىگە پاتېنتقا ئىلتىماس قىلىپ 2003 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى پاتېنتقا ئېرىشىدۇ.

بۇ خىل دەزمال قېپى (سىرتقى قېپى)، سۇ قۇيۇش

قـوُيۇش ئېغىزى، سۇ ساقلىغۇچ، تۇتقۇچ، توك ئارقىلىق قىزىتقۇچ ۋە توك مەنبەسىگە ئۇلىنىدىغان تۆشۈكتىن تەركىب تاپقان. سىرتقى قاپ شەكلىدە بولۇپ، سىرتقى قاپنىڭ ئۈستىدە تۇتقۇچ، تۇتقۇچنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سۇ قۇيۇش تۆشۈكى ۋە توك مەنبەسىگە ئۇلاش تۆشۈكى بار. سۇ قۇيۇش تۆشۈكى بىۋاستە سىرتقى قاپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سۇ ساقلىغۇچ بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان، سۇ قۇيۇش تۆشۈكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر ئاۋاز چىقىرىش ئۈسكۈنىسى بار. توك مەنبەسىگە ئۇلاش تۆشۈكى قىزىتقۇچ بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان ھەم قىسقۇچ ۋە بۇرما مىق بىلەن سىرتقى قاپقا مۇقىملاشتۇرۇلغان. دەزمالنىڭ تەگلىكى يوپۇرماق شەكلىدە تەكشى بولۇپ، توك ئارقىلىق قىزدۇرۇشقىمۇ، قايناقسۇ ئارقىلىق قىزدۇرۇشقىمۇ بولىدۇ.

رەخت ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنى دەزماللىغاندا كۆيدۈرۈۋەتمەيدۇ، توك تارقىتىۋەتمەيدۇ. ئەگەر توك بولمىسا 60℃تىن يۇقىرى قايناقسۇ ئارقىلىق قىزدۇرۇپ ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

بۇ خىل دەزمالنىڭ پاتېنت ھوقۇقىنى سېتىۋېلىشقا ئىلتىماس قىلغان شياڭگاڭ، بېيجىڭ، شاڭخەي، خېنەن، جياڭسۇ قاتارلىق 20 نەچچە ئۆلكە ـ شەھەرلەردىكى مۇناسىۋەتلىك رايون ۋە كارخانىلار ئالاقە ئەۋەتتى. ھازىر جياڭسۇ ئۆلكىسى ليەن يۈنگاڭ شەھىرىدىكى ئەي شىن شىركىتى 850 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا بۇ دەزمالنىڭ پاتېنت ھوقۇقىنى سېتىۋېلىش ئالدىدا تۇرماقتا.

ئابلەت مىجىت بىر كەشپىياتچى، شاگىرت تەربىيىلىگۈچى بىر ئۇستاز بولۇپلا قالماستىن، قولى ئوچۇق، باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىشنى بىلىدىغان مەرد ساخاۋەتچى. ئۇ ھازىرغا قەدەر 1000دىن ئارتۇق شاگىرت تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. ئۇ يەنە خانقىتام يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ، ئۈزۈن كەنت باشلانغۇچ مەكتەپ، يېڭىئۆر كەنت باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە يېڭى مەھەللە باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ياردەم قىلغاندىن باشقا يەنە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مارالۋېشى ناھىيىسى چوڭقۇرچاق يېزىسىدا يەر

تەۋرىگەندە چوڭقۇرچاق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە 15 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى كىيىم ـ كېچەك تىكىپ ئەۋەتىپ ئۇلارغا مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزدى. ئۇ يەنە 2002 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «كۈسەندە باھار» مودا كىيىم ـ كېچەك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ پۈتۈن شىنجاڭدا يېتىلىۋاتقان كەسىپداشلىرىغا زور پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «پەن ـ تېخنىكا دۇنياسى» پروگراممىسى، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى»، «پەن ـ تېخنىكا گېزىتى»نىڭ ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە سانلىرى «ئاقسۇ گېزىتى»، «كۇچا ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى» قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرى ئۇنىڭ پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى ۋە تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن تەشۋىق قىلدى. ئۇنىڭ بۇ كەشپىياتى كۇچار دىياردا بۈگۈنكى دەۋردىكى تۇنجى كەشپىياتلارنىڭ بىرى بولغاچقا، كۇچا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مائارىپ ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئۇنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى.

بىز بۇ ياش كەشپىياتچى ۋە قابىل ئۇستازنىڭ تېخىمۇ كۆپ پەن ـ تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى يارىتىشىنى، تېخىمۇ كۆپ يارامىلىق شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىنى، ئۆز خەلقىگە تېخىمۇ كۆپ مېھىر ـ مۇھەببەت ئاتا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

سۇ دەزمىلىنىڭ پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 02230866.O

※ ※ ※

# مول ھوسۇللۇق كەشپىياتچى



توختى مۇھەممەت جاپپار 1976 ـ يىلى خوتەن قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزىسى شورلۇقئېرىق كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ زېرەك، تىرىشچان بولۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئالاھىدە ئىقتىدارلىق بۇلۇڭ ئۆلچىگۈچ، دۇربۇن ۋە ئوت ئۆچۈرگۈچنى ياساپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى ھەيران قالدۇرغان. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئۆيىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ئۆستەڭ بويىدا تېمەن ئۆسكەن چوڭ بىر تۈپ تېرەكنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن تۆشۈك ئېچىپ، ئالتە خىل ئۈزۈمنىڭ نوتىسىنى تۆشۈكتىن ئۆتكۈزۈپ، سۇلياۋ بىلەن تېڭىپ قويغان. نەتىجىدە ئوخشاش بولمىغان ئالتە خىل ئۈزۈمنىڭ نوتىلىرى تېرەك تۆشۈكىدە ياشىرىپ ئىككى يىلدىن كېيىن قىزىل، كۆك، قارا، سېرىق ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ئالتە خىل مېۋە بەرگەن.

ئۇ 1993 ـ يىلىدىن 1998 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سۇچىلىق كەسپىدە ئوقۇپ، ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن قاراقاش ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا تەقسىم قىلىندى. 1998 ـ يىلىدىن ھازىرغا قەدەر قاراقاش ناھىيىسىدىكى غول ئۆستەڭلەرنىڭ سۇ سىڭمەس قۇرۇلۇشىغا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى ۋە كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىپ ئۇدا بەش يىل «ئىلغار خىزمەتچى»، «ئىلغار تېخنىك»، ناھىيە بويىچە ئىككى قېتىم «ئىلغار پەن ـ تېخنىكا خادىمى» بولۇپ باھالاندى. ئۇ ھازىر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

توختى مۇھەممەت جاپپار 1999 ـ يىلىدىن بۇيان بىر تەرەپتىن، ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ نەتىجە ياراتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «ھەر خىل ئاپتوموبىل ۋە تراكتورلارنىڭ بالۇنلىرى يەل قويۇپ بەرسە ئاپتوماتىك سىگنال بېرىش ئۈسكۈنىسى»، «نۇر كابېل ۋە باشقا سىملارنى تارتىشتا ئىشلىتىلىدىغان قولايلىق سوپا»، «قەلەم شەكىللىك ئارىلىق ئۆلچىگۈچ»، «يۈك ئاپتوموبىللىرى ۋە يولۇچىلار ئاپتوموبىلىغا ئىشلىتىلىدىغان ئوغرىدىن مۇداپىئەلىنىش تورى»، «ھەر خىل ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىگە سەپلىنىدىغان ئۆزۈن تورۇبىلىق ئارىلىقنى كۆرستىش ئەينىكى»، «ھەر خىل قاتناش ۋاستىلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان ئۆزىراپ ـ قىسقىرالايدىغان ئۆزۈن تورۇبىلىق ئەينەك» قاتارلىقلارنى كەشپ قىلىپ دۆلەتنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى ھەمدە بۇنىڭ ئىچىدە تۆت تۈرلۈك كەشپىيات خەلقئارادا ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىپ يۇقىرى شان ـ شەرەپ قازاندى. ئۇ ھازىر جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى، خەلقئارا كەشپىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## 1. ھەر خىل ئاپتوموبىل ۋە تراكتورلارنىڭ بالۇنلىرى يەل قويۇپ بەرگەندە ئاپتوماتىك سىگنال بېرىش ئۈسكۈنىسى

بۇ ئۈسكۈنە داتلاشماس پولات ۋە ھەر خىل سىملاردىن پايدىلىنىپ ياسالغان بولۇپ، ئاپتوموبىل ۋە تراكتور چاقىنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. چاقنىڭ يېلى چىقىپ كەتكەن ھامان سەزگۈچ تۆمۈر چاققا تېگىپ شوپۇرغا سىگنال بېرىدۇ ـ دە، شوپۇر كۆتۈلمىگەن ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ بىخەتەر يول يۈرەلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ كەشپىياتى 2001 ـ يىلى دۆلەت پاتېنت ئىدارىسىنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ ھەمدە شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شياڭگاڭ پەن ـ تېخنىكا پاتېنت كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىدۇ.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 00255558.1

**2. سىم تارتىشتا ئىشلىتىلىدىغان قولايلىق سوپا (ئورۇندۇق شەكىللىك)**

بۇنىڭ ياسىلىشى ئاددىي، تەننەرخى تۆۋەن، ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇپ، نۇر كابېل سىملىرى ۋە باشقا سىملارنى تارتىشتىكى ئاۋارىچىلىكنى ئازايتىپ، چىقىمنى تېجەش، بىخەتەر مەشغۇلات قىلىشقا ماس كېلىدۇ. ساياھەتچىلىك ئىشلىرىدا كەڭ پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. بۇ كەشپىيات 2000 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى پاتېنتقا يوللىنىپ، 2001 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 00203476. X

**3. قەلەم شەكىللىك ئارىلىق ئۆلچىگۈچ**

بۇ ئەسۋاب كاۋچۇك نوكەش، لاتا مېتىر، كىچىك غالتەك، چوڭايتىپ كۆرستىش ئەينىكى قاتارلىقلاردىن ياسالغان. شەكلى ئاددىي، ئىشلىتىشكە ئەپلىك بولۇپ، دەسمايە ئاز كېتىدۇ. بۇ ئەسۋاب ھەربىي ئىشلار، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرى، سۇ ئىشلىرى، ساياھەتچىلىك قاتارلىقلاردا كەڭ قوللىنىلىدۇ. بۇ كەشپىيات 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى پاتېنتقا يوللىنىپ، 2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 00268286. 9

**4. يۈك ئاپتوموبىلى ۋە يولۇچىلار ئاپتوبۇسلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئوغرىدىن مۇداپىئەلىنىش تورى**

بۇ خىل تور ئادەتتىكى ماشىنىلارغا ياپىدىغان تورنىڭ ئۆتكۈزگۈچ سىمىنى ئارغامچا ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ توقۇپ، ئىككى قات سىمنى شوپۇرنىڭ يېنىدىكى سىگنال بەرگۈچكە ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئەگەر ئاپتوموبىل ۋە ئاپتوبۇس ئۈستىدىكى يۈك ـ تاقلار چۇشۇپ كەتسە ياكى ئوغرى ئېلىپ قاچىدىغان ئەھۋال كۆرۈلسە دەرھال سىگنال بېرىدۇ.

## 5. ھەر خىل ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىغا سەپلىنىدىغان ئۈزۈن تۇرۇبىلىق ئارقىنى كۆرسىتىش ئەينىكى

بۇ خىل ئەينەك قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئورنىتىلىدۇ. بۇ ئاپتوموبىل ئارقىسىدىكى ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ تەسۋىرىنى كابىنكىدىكى شوپۇرغا بىۋاستە كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شوپۇرغا ماشىنىنى ئوڭ ـ سولغا ھەيدىگەندە ۋە ئارقىغا ياندۇرغاندا ماشىنا ئىشكىدىن بېشىنى سىرتقا چىقىرىش ھاجەتسىز. يول يۈرگەندە كەينىدىكى ماشىنىلارنى بىمالال كۆرەلەيدۇ. بۇ كەشپىيات 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى پاتېنتقا يوللىنىپ، 2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 00268280.X

## 6. ھەر خىل قاتناش ۋاستىلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئۈزىراپ ـ قىسقىرالايدىغان ئۈزۈن تۇرۇبىلىق ئەينەك

بۇ پولات ئەينەك، ئادەتتىكى ئەينەك ۋە تۆمۈرنى ئاساس قىلىپ ياسالغان بولۇپ، شوپۇر ئالدىدىكى ماشىنىنى ياندىماقچى بولغاندا مېڭىۋاتقان ماشىنا ئالدىدىكى يولنىڭ قارشىسىدىن كەلگەن ئاپتوموبىلنى توسۇۋالغان، شوپۇر قارشى تەرەپتىن كەلگەن ماشىنىنى كۆرەلمەي قاتناش ۋەقەسى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئەھۋالدا بۇ خىل ئەينەك ئارقىلىق ئالدىدىكى جىسىمنى كۆرۈپ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ ھەم ئاپتوموبىللارنى بىمالال ياندىغىلى بولىدۇ.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 00268285.0

توختى مۇھەممەت جاپپار كەشىپ قىلغان «ئاپتوموبىل چاقلىرى يەل قويۇپ بەرگەندە ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سىگنال بېرىش ئاپپاراتى» ۋە «قەلەم شەكىللىك ئارىلىق ئۆلچىگۈچ» 2001 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا پاتېنت كۆرگەزمىسىدە ئامېرىكا، ياپونىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن

مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ ئايرىم ــ ئايرىم ھالدا ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى ھەمدە شىياڭگاڭ خەلقئارا كەشپىيات يەن ــ تېخنىكا كۆرگەزمىسىنى ئۇيۇشتۇرۇش ھەيئىتى تەرىپىدىن دۇنيا يەن ــ تېخنىكا تەرەققىيات نەتىجىلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئۇ 2001 ــ يىلى كەشپ قىلغان «ئاپتوموبىل ۋە ئاپتوبۇسلارنىڭ ئوغرىدىن مۇداپىئەلىنىش تورى» شۇ يىلى 10 ــ ئايدا 2 ــ نۆۋەتلىك جۇڭخۇا پاتېنت كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدالغا ۋە شىياڭگاڭ پاتېنت كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى.

ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى 2001 ــ يىلى 10 ــ ئايدا «جۇڭگو مۇتەخەسسىسلەر قامۇسى»غا ۋە «جۇڭگو پاتېنت نەتىجىلىرى قامۇسى»غا، 2001 ــ يىلى 11 ــ ئايدا يەنە «جۇڭگو يېڭى ئەسىر پاتېنت تورى توپلىمى»غا كىرگۈزۈلدى. ئۇ ھازىر جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى، خەلقئارا كەشپىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئۇ نۆۋەتتە «بىئو ــ ئېلېكترلىك ئىسسىقلىق ساقلاش بەلۋېغى»، «قۇم، بوران، ئاپتاپتىن مۇداپىئەلىنىش باش كىيىمى»، «چاڭ ــ توزاندىن ساقلايدىغان كىيىم ئاسقۇچ»، «كۆپ ئىقتىدارلىق سىزغۇچ» قاتارلىق 11 خىل كەشپىياتقا پاتېنت ھوقۇقى ئېلىشقا تەييارلانماقتا.

※ ※ ※

# كەشپىياتچى ئەختەم سەيدۇللا ناگابى[1] توغرىسىدا



ئەجدادلىرىمىز هارۋىنى كەشىپ قىلىپ يىپەك يولىدا مەدەنىيەت ئەلچىسى سۈپىتىدە شەرقتىن غەربكە، شىمالدىن جەنۇبقا قاتناپ شۆھرەت قازانغان بولسا، جەڭلەردە توپ سۆرىتىلگەن هارۋىلىرى ئارقىلىق نۇسرەت قازانغان.

چىڭگىزخان شاھانە چېدىرلىرىنى يەنە هارۋا ئۈستىگە قۇرۇپ جاھاننى ئىستىلا قىلغان بولسا، پەرەڭلەر ئۇنىڭغا ئوت ئورنىتىپ هارۋىغا جان كىرگۈزدى.

ۋەھالەنكى، قاڭقىل هارۋىسى دۇنيانى نەچچە ئون ئەسىر ئايلىنىپ «ماشىنا» دېگەن نام بىلەن ئالدىمىزغا كەلسە تونۇيالمىدۇق، ھەتتا ئۇنى كالىغا ئوخشىتىپ ئالدىغا ئوت ـ چۆپ تاشلىدۇق.

ماشىنىدا راھەتلىنىپ ئولتۇرۇشىمىز كۆپ، لېكىن ماشىنا ھەققىدە ئويلىنىشىمىز ئاز بولدى. ماشىنىنىڭ زۇۋانىنى بىلىشىمىز داڭلىق ماركىلىق ماشىنىلارنى بىلىشىمىزدىن ئاز بولدى.

تۇرپان تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى پېداگوگىكا مەكتىپى ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش بۆلۈمىنىڭ ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىسى ئەختەم سەيدۇللا ناگابى دەل ئەنە شۇ هارۋىغا جان كىرگۈزگۈچى ئوت — دۋىگاتېلغا، ماشىنىنىڭ «يۈرىكى»گە قول سالغان ئادەم.

ئەختەم سەيدۇللا 1958 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تۇرپاننىڭ

---

[1] ناگابى—تۇرپان شېۋىسى. ئەسلى مەنىسى نەۋائىي

چېچان يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئۇلۇغ بوۋىلىرى تۇرپاننىڭ دىغار يېزىسىدا ياشاپ ئۆتكەن بولۇپ، شۇ دەۋرنىڭ مەرىپەتپەرۋەر، بىلىملىك كىشىلىرىدىن ئىدى. «ناگايى» بوۋىسىدىن قالغان شەرەپلىك نام بولۇپ، ئۇنىڭ بوۋىسى شۇ زامانلاردا بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر نەۋائىينىڭ شېئىر، داستان، غەزەللىرىنى بېرىلىپ ئوقۇغاچقا ۋە نەۋائىيغا چوڭقۇر ئىخلاس قىلغاچقا، يەرلىك كىشىلەر ئۇنىڭ 7 ـ بوۋىسىغا نەۋائىينىڭ شېئىرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇغۇچى، نەۋائىينى ھۆرمەتلەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئادەم، دەپ نەۋائىينى تەخەللۇس قىلىپ قويغان. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «نەۋائىي» دېگەن سۆز تۇرپان شېۋىسى بويىچە «ناگايى»غا ئۆزگىرىپ كېيىنكى ئەۋلادلار تەخەللۇس قىلىپ قوللانغان.

ئەختەم ئاكا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپلا ماشىنا ۋە ئۈسكۈنىلەرگە بەكمۇ قىزىقاتتى. ماشىنا، تراكتورلارنىڭ قانداق ھەرىكەتلىنىدىغانلىقىغا، ئۇنى قانداق ھەيدەيدىغانلىقىغا سەپ سالاتتى. توختىتىپ قويۇلغان ماشىنا، تراكتورلارنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىنى كۆرۈپ باقاتتى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئاددىي ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ كىچىك تىپتىكى پار ماشىنىسى ياساپ چىقىپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. بالىلىق چاغلىرىدىكى قىزىقىشىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇ ماشىنا، تراكتورلارنى رېمونت قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. ئۇ ئەمەلىيەت جەريانىدا ماشىنا، تراكتورلارنىڭ دۇنگاتېلىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىلىرى، ئىش پرىنسىپلىرى ۋە دائىم كۆرۈلىدىغان كاشىلىلارنى پۇختا ئىگىلىۋالىدۇ. ئۇ 1978 ـ يىلى تۇرپان شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، 1979 ـ يىلى ھازىرقى تۇرپان ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى پېداگوگىكا مەكتىپىگە خىزمەتكە چىقىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىدۇ. 1987 ـ يىلى ئالىي تېخنىكوم دىپلومى ئالىدۇ.

ئۇ ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغاچ تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان دۇنگاتېللارنىڭ يېقىلغۇنىڭ پارتلىشىدىن

كېلىپ چىققان ئېنېرگىيە بىلەن پورشېننى سىلىندىر ئىچىدە يۇقىرى ــ تۆۋەن سۈرۈش ئارقىلىق ئەگرى ئوقنى ئايلاندۇرۇپ، سىرتقا ئايلانما ھەرىكەتنى ئۇزىتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ خىل دۋىگاتېللار پورشېننىڭ سىلىندىر ئىچىدىكى سىيرىلما ھەرىكىتىنى ئەگرى ئوق ئارقىلىق ئايلانما ھەرىكەتكە ئايلاندۇرىدۇ. بۇنىڭدا پورشېن يېقىلغۇنىڭ پارتلىشىدىن كېلىپ چىققان بېسىمدا بېسىلغاندا، بېسىم كۈچى ئەگرى ئوقنى ئايلاندۇرۇش بىلەن بىرگە ئەگرى ئوقنى تۆۋەنگە بېسىشقا سەرپ بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئەگرى ئوقنى تۆۋەنگە بېسىشقا سەرپ قىلىنغان ئېنېرگىيە ئومۇمىي سەرپ قىلغان ئېنېرگىيىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن، سىرتقا پەقەت ئەگرى ئوقنى ئايلاندۇرۇشقا سەرپ قىلىنغان ئېنېرگىيىلا ئۇزىتىلىدۇ.

ئۇ ھازىرقى دۋىگاتېللارنىڭ يۇقىرىقىدەك يېتەرسىزلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، پارتلاشتىن كېلىپ چىققان ئېنېرگىيە بىۋاستە ئايلانما ھەرىكەتنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئىچىدىن ياندىغان ئەگرى ئوقسىز دۋىگاتېلنى لايىھىلەپ چىقىدۇ.

بۇ خىل دۋىگاتېلدا ئايلانما ھەرىكەتنى سىرتقا ئۇزىتىدىغان ئايلانما ئوقتا پورشېن تەگلىكى بولۇپ، پورشېن تەگلىكىدە ئىككى دانە چاسا شەكىللىك پورشېن بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل قىلىپ ئورنىتىلىدۇ. پورشېن پورشېن ئوقۇرى ئىچىدە ئىچى ۋە سىرتىغا قارىتا سۈرۈلەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە چاسا شەكىللىك پورشېنغا پۇرژىنا ئورنىتىلغان بولۇپ، پۇرژىنا پورشېننى پورشېن ئوقۇرىدىن سىرتقا قارىتا ئىتتىرىپ تۇرىدۇ.

سىلىندىر بىلەن پورشېن تەگلىكى چەمبەر شەكلىدە بولۇپ، سىلىندىر ئىچىگە پورشېن ئورنىتىلغان تەگلىك سېلىنىدۇ. سىلىندىرنىڭ يان ئىچكى دىۋارى بىلەن پورشېن تەگلىكىنىڭ تاشقى يان يۈزى ھەم تېگىشىدىغان، ئاساسىي ئوق بىلەن بىرگە ئايلىنىدىغان، پورشېن تەگلىكى ئايلانغاندىمۇ سىلىندىر بىلەن پورشېن تەگلىكىنىڭ ھەملىقى ئۆزگەرمەيدىغان قىلىپ ئورنىتىلىدۇ. ئاساسىي ئوق سائەت ئىسترېلكىسىغا

قارشى يۆنىلىشتە ئايلىنىپ، پورشېن پورشېن تەگلىكى بىلەن سىلىندىرنىڭ ھىملانغان يۈزىدىن ئۆتكەندە ھىملانغان ئورۇن بىلەن پورشېن ئارىلىقىدا تەتۈر بېسىملىق بوشلۇق پەيدا بولىدۇ. شۇ چاغدا دوقا چاقنىڭ ياردىمىدە يېقىلغۇ كىرىش كلاپانى ئېچىلىدۇ. تەتۈر بېسىمنىڭ سۈمۈرۈشى بىلەن يېقىلغۇ كاربىيوراتور (خۋايۇچى)دىن چىقىپ مەزكۇر بوشلۇققا كىرىدۇ. بۇ چاغدا يېقىلغۇ كىرىش كلاپانى ئېتىلىدۇ. كلاپان ئېتىلگەندىن كېيىن ئۈستۈنكى قاپقاققا ئورنىتىلغان سۈيۈچتىن ئوت چىقىپ ھىملىنىش يۈزى ۋە پورشېن ئارىلىقىدىكى بوشلۇقتا تۇرغان يېقىلغۇ (ھاۋا بىلەن مۇۋاپىق نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇلغان) پارتلاپ ھىملانغان يۈز بىلەن پورشېن ئارىلىقىدا يۇقىرى بېسىم پەيدا قىلىدۇ ۋە پورشېننى سۈرۈپ ئاساسىي ئوقنى ئايلاندۇرىدۇ. پورشېن سۈرۈلۈپ گاز چىقىرىش تۆشۈكىدىن ئۆتكەندىن كېيىن سەرپ قىلىنىپ بولغان گاز تۇرخۇندىن چىقىرىۋېتىلىدۇ. بۇ چاغدا ئىككىنچى بىر پورشېن ھىملىنىش يۈزىگە يېتىپ بارغان بولىدۇ. دېمەك، چاسا شەكىللىك ئىككى دانە پورشېن نۆۋەت بىلەن ئاساسىي ئوقنى ئايلاندۇرىدۇ. بۇ ئەگرى ئوقسىز ئىچىدىن ياندىغان دۋىگاتېل 2002 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى دۆلەت پاتېنت ئىدارىسىگە يوللىنىدۇ ھەمدە شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ.

پاتېنت ھوقۇق نومۇرى: ZL 02203995.3

**پورشېننىڭ ھىملىقنى ئاشۇرۇش قۇرۇلمىسى**

ئەختەم مۇئەللىم بۇ كەشپىيات ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

— ھازىرقى ئىچىدىن ياندىغان دۋىگاتېللارنىڭ پورشېنىدا ھىملىغۇچى ھالقىسى بولىدۇ. دۋىگاتېل بىر مەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن سىلىندىر ۋە پورشېن ھالقىسى ئۇپرايدۇ. نەتىجىدە پورشېن ھالقىسىنىڭ ئاغزى ئۇپراشقا ماس ھالدا ئېچىلىپ، پورشېندا ھىملىقى ياخشى بولمىسا، پارتلاشتىن كېلىپ چىققان بېسىم پورشېننى تۆۋەنگە بېسىش بىلەن بىرگە پورشېننىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كېتىپ ئېنېرگىيە ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ

چىقىرىدۇ. مەن بۇ مەسىلىنى پورشېن ھالقىسىنىڭ سىيلىنىش شەكلىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ھەل قىلىپ چىقتىم. بۇنىڭدا پورشېنىنىڭ ئەسلىدىكى بىر ھالقا سېلىش ئورنىغا ئىككى ھالقىنىڭ ئېغىزلىرىنى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى قىلىپ سالىمىز. ئەگەر ئىشلىتىش جەريانىدا ھالقا ئۇپراپ ھالقىنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ قالسا، مەزكۇر ھالقا بىلەن بىرگە سېلىنغان ئىككىنچى بىر ھالقىنىڭ ئېغىزى قارىمۇقارشى ھالەتتە بولغاچقا، بىرىنچى ھالقىنىڭ ئېچىلىپ قالغان ئېغىزىنى ئىككىنچى ھالقا توسۇپ قالىدۇ. سىلىندىر ۋە پورشېن ھالقىسىدا ئۇپراش بولسىمۇ، پورشېنىنىڭ سىلىندىر ئىچىدىكى ھىملىقىنى داۋاملىق ساقلاپ قالالايدۇ.

ئۇنىڭ بۇ كەشپىياتى 2001 ـ يىلى 1ـئاينىڭ 25 ـ كۈنى پاتېنتقا يوللىنىپ، شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى دۆلەت پاتېنت ئىدارىسى تەرىپىدىن پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 02203996.1

ئەختەم ئاكا ئەنە شۇنداق نەتىجىلىرى بىلەن دۆلەت ئىچى، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت تەۋەسىدە زور شان ـ شەرەپكە ئېرىشتى. 2003 ـ يىلى بېيجىڭدا ئېچىلغان ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە، گېرمانىيە، شۋېتسارىيە، ئىسرائىلىيە، روسىيە... قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن مەشھۇر كارخانىچىلار ھەمدە دۇنيادىكى 500دىن ئارتۇق كۈچلۈك كارخانىنىڭ ۋەكىللىرى، ئىقتىسادشۇناسلار قاتناشقان «بېيجىڭدا ئۇچرىشىش» يىغىنىغا باردى.

— بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق پىلانلىرىڭىز بار؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.


— مەن ھازىرقى دۇكانىنى تېخىمۇ ياخشىلاش ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىمەن. بارلىق ئۆزگەرتىش پىلانلىرىنى تۈزۈپ بولدۇم، — دېدى ئۇ ئىشەنچ بىلەن.

مەن ھەيران قالدىم، سۆيۈندۈم ھەم خۇشال بولدۇم.

«قاڭقىل ھارۋىسى» ئاخىر يەنە «قاڭقىل»نىڭ قولىدا مۇرادىغا يېتىدىغان ئوخشايدۇ.

خەلقىڭ ساڭا مەدەتكار ناگايى!

# كەشپىيات سېپىدىكى تۇغچى



سىز قەشقەرنىڭ پوسكام ناھىيىسىدىن 28 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى توغچى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە بارسىڭىز ئۆزى ئاددىي ـ ساددا كىيىنىۋالغان، چاچ ـ ساقاللىرىغا ئەمدىلا ئاق ئارىلىغان ئوتتۇرا بويلۇق بىر كىشىنى ئۇچرىتىسىز. مانا بۇ دەل توغچى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى، كەشپىياتچى ئابباس توختى.

ئابباس توختى 1956 ـ يىلى پوسكام ناھىيە توغچى يېزىسى ئوقۇتام كەنتى ئوردىناق مەھەللىسىدە بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان مەزگىللىرىدە بىر تەرەپتىن، تىرىشىپ ئەستايىدىل ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇشىنىڭ ئارىسال ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ھەرخىل ئوقۇتۇش قوراللىرىنىڭ مودېللىرىنى ياسايتتى. ئۇ شۇ مەزگىللەردە يوبازىلىق (روكوياتكا) ئۇن تارتىدىغان تۈگمەن ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئۇ بۇ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن يوبازا ( 摇巴子 ) بىلەن چۆرۈش ئارقىلىق تولغىما شال سوقۇش ماشىنىسىنى ياساپ چىققان. 1976 ـ يىلى ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئەلا نەتىجە بىلەن يەكەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغان. 1977 ـ يىلىدىن 1979 ـ يىلىغىچە بۇ مەكتەپنىڭ ئومۇمىي پەن سىنىپىدا ئوقۇپ توغچى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنىپ، بۇ مەكتەپتە ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

ئاشۇ يىللاردا مائارىپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسى بىر قەدەر تۆۋەن بولۇپ، ئۇ ئوقۇتۇش خىزمىتىدە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا يولۇققىدۇ. ئۇ بىر قېتىم ماتېماتىكا ئوقۇتۇش پروگراممىسىدىن ھاسىلە، دىففېرېنسىئال، ئىنتېگرال دېگەن ئاتالغۇلارنى كۆرۈپ چۈشىنەلمەيدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى ھېس قىلىپ، 1981 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلىغىچە قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى (چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى)دا بىلىم ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا كەسپىنىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئالىي تېخنىكوم بويىچە قوش دىپلوم ئالىدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇ يەنە تۇغچى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

ئۇنىڭ 1994 ـ يىلى «شىنجاڭ مائارىپ ژۇرنىلى» نىڭ 4 ـ سانىدا ماتېماتىكىغا ئائىت بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسى، 1995 ـ يىلى 5 ـ سانىدا «ئالاھىدە بۇلۇڭ قىممەتلىرىنى ئەستە ساقلاش» دېگەن تېمىدا ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنىدۇ. يول ماگىنانسىرى ئېچىلىدۇ. ئۇ ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «كۆمۈش شارقىراتما — قىش كۈنلىرى مۇزلاپ قالمايدىغان ئەڭ ئاددىي سۇ تۇرۇبىسى» ، «ئەڭ ئاددىي مېۋە ـ چېۋە ئۈزۈش ماشىنىسى» ، «ئەڭ ئاددىي كېۋەز يىغىۋېلىش ماشىنىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش» قاتارلىق ئۈچ پارچە ئىلمىي ماقالىسى «شىنجاڭ يېزا يەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىدۇ.

ئۇ يەنە ئۆز كەسپى ئۈستىدە ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ كەلدى. 2000 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئالىي مەكتەپ ماتېماتىكا دەرسلىكىدىكى كىتابتا شەكلى بار ئەمەلىيەتتە تەجرىبىخانىلاردا مودېلى يوق بولغان «كەسكۈچىنىڭ ئۈرۈنما ھالىتىنى كۆزىتىش تەجرىبىسى» ، «تەۋرىنىشنى كېمەيتىش سىمى» قاتارلىق ئىككى ئوقۇتۇش تەجرىبە ئەسۋابىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقىپ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى

ئوقۇتۇش تەجرىبە سايمانلىرى شىركىتىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ تونۇشتۇرۇشى ۋە ياردىمى بىلەن دۆلەت مائارىپ كومىتېتىغا ئەۋەتىپ مۇناسىۋەتلىك ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىدۇ.

ئۇ ئۆز يۇرتىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ قىش كۈنلىرى تۇرۇبىلىرىنىڭ توڭلاپ قېلىپ ياكى يېرىلىپ كېتىپ سۇ ئىچەلمەيۋاتقانلىقىنى، ئۆيگە ئەكىرگەن تۇرۇبىلارنىڭ قاپقىقىنىڭ ئاسان بۇزۇلۇپ ئۆيگە سۇ كىرىپ كېتىپ ئېغىر زىيان ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، 2000 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە تۆت ئاي سىناق قىلىش ئارقىلىق ئاخىر «كۆمۈش شارقىراتما ــ قىش كۈنلىرى مۇزلاپ قالمايدىغان ئەڭ ئاددىي سۇ تۇرۇبىسى» نى ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇ بۇ خىل كەشپىياتنىڭ تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىسى بىلەن مودېلىنى 2000 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ، شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شىنجاڭ پاتېنت مۇلازىمەت مەركىزىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ باھالىشىدىن ئۆتكۈزۈپ پاتېنت ھوقۇقىغا ئىلتىماس قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى پاتېنتقا يوللىنىپ، 2001 ـ يىلى 4 ـ ئايدا دۆلەت پاتېنت ئىدارىسى تەرىپىدىن پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى. 2001 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۇ يەنە جۇڭگو يۇقىرى يېڭى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى ئەۋەتكەن شەرەپ مېدالىنى تاپشۇرۇۋالدى ھەم 2002 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بۇ كەشپىيات جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئىختىساسلىقلار قامۇسىغا كىرگۈزۈلدى.

2001 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جۇڭگو يۇقىرى يېڭى پەن ـ تېخنىكا تەتقىقات مەركىزى تەرىپىدىن ئالىي ئىنژېنېرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. 2002 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى بېيجىڭ يۇقىرى يېڭى پەن ـ تېخنىكا تەتقىقات مەركىزىنىڭ رەسمىي ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەنلىك ھەققىدىكى كىنىشكىنى تاپشۇرۇۋالدى.

ئاباس توختى يەنە ئىقتىساد، ماتېرىيال ۋە ئۇسكۈنە شارائىتىنىڭ ناچارلىقىغا قارىماي بىر يىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان «بورا قومۇشنى ئاقلاش ماشىنىسى» نى كەشىپ

قىلدى. ئۇنىڭ بۇ كەشپىياتى 2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى پاتېنتقا يوللىنىپ، 2002 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى دۆلەت پاتېنت ئىدارىسى تەرىپىدىن پاتېنت هوقۇقىغا ئېرىشتى. 2003 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى دۆلەتلىك يۇقىرى يېڭى پەن ـ تېخنىكا مەركىزى ۋە يۇقىرى يېڭى پەن ـ تېخنىكا تەتقىقات ئىنستىتۇتى دۆلەتلىك تەبىئىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن ئەۋەتكەن تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى (ئاسپىرانت) دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسىنى تاپشۇرۇۋالدى.

مۇزلىماس سۇ تۇرۇبىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ خىل سۇ تۇرۇبىسىنى سوغۇق بەلۋاغ رايونلىرىدا، دېهقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە تاغلىق رايونلاردا ئىشلىتىشكە بەكمۇ ماس كېلىدۇ. ياسىلىشى ئاددىي، تەننەرخى تۆۋەن، كۆرۈنۈشى ئۆزگىچە، كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئەپلىك، ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقى بار، قىشتا ئىشلىتىلمەيدۇ، سوغۇقتا يېرىلىپ كەتمەيدۇ.

پاتېنت هوقۇقى نومۇرى: ZL 00248104. 9

ئۇ ئىجاد قىلغان مۇزلىماس سۇ تۇرۇبىسى 2003 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇرۇلدى ھەمدە كارخانىچىلار ۋە پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ قىزىقىشى ۋە يۇقىرى باهاسىغا ئېرىشتى. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى»، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «پەن ـ تېخنىكا دۇنياسى» سەهىپىسى ھەمدە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن تونۇشتۇرۇلدى.

## بورا قومۇشنى ئاپتوماتىك ئاقلاش ماشىنىسى

بۇ ماشىنىنىڭ ئىش ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، تولۇق سەرپىياتى تۆۋەن. دېڭىز بويى رايونلىرى، سازلىق، ئېدىرلىقلاردا، بورىچىلىق كارخانىلىرىدا ئىشلىتىشكە ئىنتايىن ماس كېلىدۇ.

پاتېنت هوقۇقى نومۇرى: ZL 01265394. 2

ئۇ يۇقىرىقى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدا ئاز بولمىغان قىيىنچىلىقلارغا، ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدى. لېكىن، بۇ ئىشتىن قەتئىي باش تارتمىدى. بۇ جەرياندا ئالتە مىڭ يۈەندىن كۆپرەك زىيان تارتتى. بۇ بىر ئاددىي ئوقۇتقۇچىغا نىسبەتەن ئاز پۇل ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە.

گەرچە ئۇنىڭ بۇ كەشپىياتلىرى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئىزدەنمەكتە.

نۆۋەتتە ئۇ يەنە «مەڭگۈلۈك دوگىلاتىلغا يېقىنلاشىدىغان قايتىلانما توك مەنبەسى»، «شامال ئۆڭكۈرى ئارقىلىق توك چىقىرىش تېخنىكىسى تەتقىقاتى»، «قۇياش ئېنېرگىيىلىك ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش تېخنىكىسى»، «قۇياش باتارېيىلىك يانفون ياساش تېخنىكىسى»، «يانفونغا توك قاچىلاشقا بولىدىغان كىچىك تىپتىكى گېنېراتور ياساش تېخنىكىسى»، «توك سەرپىياتى تۆۋەن بولغان شامالدۇرغۇچ» ياساش ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە

※ ※ ※

# دېھقان كەشپىياتچى



دېھقان دېسە كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا ئۇستىبېشىنى توپا – چاڭ باسقان، قوللىرى قارمۇشتەك قاتتىق، چىرايى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن، ئاددىي، ياۋاش، قانائەتچان، جاپاكەش بىر ئىنسان كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

روزى مۇھەممەت قارى ئەنە شۇنداق دېھقانلارنىڭ بىرى. ئۇ 1955 – يىلى 10 – ئاينىڭ 15 – كۈنى خوتەن شەھرىنىڭ گوجان دەرۋازىسى دېگەن يېرىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. باللىق چاغلىرىدا خوتەن ناھىيىلىك 1 – باشلانغۇچ مەكتەپ (ئەينى ۋاقىتلاردىكى چايخانا مەكتەپ)تە ئوقۇغان. 1973 – يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1984 – يىلغىچە خوتەن شەھىرى ئەلچى يېزىلىق دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتىنىڭ ماشىنا ماتورى رېمونت قىلىش سېخىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر ماشىنا رېمونتچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇ 1997 – يىلى ئاغىنىلىرىنىڭ تەلپىگە ئاساسەن ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان پار قازانلارغا قىزىغاندىن كېيىن شۈيباڭ (سۇ قاچىسى ياكى سۇ پومپىسى)نى ئاپتوماتىك قوزغايدىغان ھەم تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىسە شۈيباڭنىڭ توكىنى ئاپتوماتىك توختىتىدىغان ۋىكلىيۇچاتېل (كەيگۈەن) نى ياساپ چىقىپ ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىدۇ.

ئۇ ئۈچ خىل كەشپىيات يارىتىپ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىش جەريانىدا نۇرغۇن جاپا – مۇشەققەتلەرنى تارتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇ ئۈچ يىل توختىماستىن ئىزدىنىش، قايتا – قايتا سىناق قىلىش

ئارقىلىق ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازاندى ۋە 2003 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا پەن ـ تېخنىكىلارنى باھالاش يىغىنىدا ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى ھەمدە شياڭگاڭ يېڭى تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەركىزى تەرىپىدىن ئىنژېنېر ۋە ئالىي ئىنژېنېرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

ھەرقانداق كەشىپ ـ ئىختىرا مەلۇم سەۋەب ۋە مەلۇم نەرسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. 1999 ـ يىلى روزى مۇھەممەت قارى لوپ ناھىيىسىنىڭ چاھارباغ يېزىسىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ بارىدۇ. تۇغقانلىرى غىزا راسلاش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقىنىدا تۇرۇبىدا سۇ توختاپ قالىدۇ. ئۆيدىكىلەر ئالاجىسىزلىقتىن باسما قۇدۇق بار يەردىن سۇ توشۇپ كېلىپ تاماق ئېتىدۇ. ئۇ تۇغقانلىرىدىن تۇرۇبا سۈيىنىڭ توختاپ قېلىش سەۋەبىنى سورىغاندا ئۇلار تۇرۇبا سۈيىنىڭ بىر كۈندە بىر نەچچە قېتىم توختاپ قالىدىغانلىقىنى ھەتتا بەزى چاغدا سۇ باشقۇرغۇچى بىخەستەلىك قىلىپ ئۇنتۇلۇپ قالسا كۈنلەپ سۇ توختاپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ قايتا ـ قايتا تەجرىبە ۋە سىناق قىلىش ئارقىلىق سۇ مۇنارىنىڭ سۇ قاچىسىغا ئاپتوماتىك سۇ قاچىلاش ئۈسكۈنىسىنى كەشىپ قىلىپ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 02233837. 3

پاتېنت ھوقۇقى گۇۋاھنامە نومۇرى: 541687

پاتېنتقا ئېرىشكەن ۋاقتى: 2003 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

سۇ مۇنارىنىڭ سۇ قاچىسىغا ئاپتوماتىك سۇ قاچىلاش قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى:

بۇ قۇرۇلما ئىككى خىل ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، قۇرۇلمىغا ئورنىتىلغان ۋىكليۇچاتېلنى ئاستى ـ ئۈستىگە بۇراش ئارقىلىق قۇرۇلمىنى پۈتۈن ئاپتوماتىك ۋە يېرىم ئاپتوماتىك قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

1. پۈتۈن ئاپتوماتىك سۇ قاچىلاش قۇرۇلمىسىنىڭ خىزمەت پرىنسىپى مۇنداق:

سۇ مۇنارىنىڭ ئاستى ۋە ئۇستىگە ئىككى خىل سىگنال يوللىغۇچ ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇستىدىكى سىگنال يوللىغۇچ سۇنىڭ توشقانلىقىنى، ئاستىدىكى سىگنال يوللىغۇچ سۇنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئاپتوماتىك سۇ قاچىلاش قۇرۇلمىسىغا خەۋەر قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق بۇ قۇرۇلما سۇ توشقاندا سۇ پومپىسى توكىنى ئاپتوماتىك ئۈزۈپ، سۇ ئاز قالغاندا سۇ پومپىسىنى ئاپتوماتىك قوزغىتىپ سۇ قاچىلاشنى باشلايدۇ.

2. يېرىم ئاپتوماتىك سۇ قاچىلاش قۇرۇلمىسىنىڭ خىزمەت پرىنسىپى مۇنداق:

بۇ ئاپتوماتىك سۇ قاچىلاش قۇرۇلمىسىنىڭ ۋەكىليۇچاتېلى يېرىم ئاپتوماتىك تەرەپكە بۇراپ قويۇلغاندىن كېيىن باسما كۇنۇپكىنى يەڭگىل باسسىڭىز سۇ پومپىسى سۇ قاچىلاشقا باشلايدۇ. سۇ ئورنى كۆتۈرۈلۈپ ئۇستىدىكى سىگنال يوللىغۇچقا چىققاندا ، سۇ پومپىسى توكى ئاپتوماتىك ئۈزۈلىدۇ، ئەمما سۇ تۈگىگەندە كۇنۇپكىنى باسسىڭىز ئاندىن قوزغىلىدۇ. بۇ قۇرۇلمىنى شەخسىي ئائىلىلەردە ئىشلەتكەندە سۇ پومپىسىغا ھاۋا كىرىۋېلىپ ياكى سۇ كۆلچەكلىرىدە سۇ تۈگەپ كېتىپ سۇ پومپىسى قۇرۇق ئايلىنىپ مېڭىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بۇ قۇرۇلما سۇ بېسىمى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. سۇدا بېسىم بولسۇن ياكى بولمىسۇن ئوخشاشلا خىزمەت قىلىدۇ. بۇ قۇرۇلمىنى سۇ مۇنارىغا ئورناتقاندا ئەمگەك كۈچىنى تېجىگىلى بولىدۇ ھەمدە سۇ توشقۇزۇلغاندىن كېيىن ۋاقتىدا توختىتالماي سۇ تېشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بۇ قۇرۇلمىنى تۇرۇبا سۈيى بولمىغان جايلاردا شەخسىي ئائىلىلەردە ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

ئەگەر ئۈچ سىملىق سۇ پومپىسى ئىشلەتكەندە سۇ پومپىسىنىڭ كۆيۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۈچ سىمنىڭ بىرىدە توك بولماي قالسا سۇ پومپىسىنى قوزغىمايدىغان قۇرۇلما سەپلەپ بېرىلىدۇ.

بۇ خىل ئۈسكۈنىنى ئىشلىتىش بىخەتەر ھەمدە بۇ خىل مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىشقا مەبلەغ ئاز كېتىدۇ. تەننەرخى تۆۋەن، بازار ئىستىقبالى ياخشى.

## ئاپتوموبىلنى تېمپېراتۇرا ئارقىلىق ئاپتوماتىك ئوت ئالدۇرۇش ئۈسكۈنىسى

روزى مۇھەممەت قارى بۇ خىل ئۈسكۈنىنىڭ ياسىلىش جەريانى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

— 2000 ـ يىلى قىش پەسلى ئىدى. سوغۇق قاتتىق بولغانلىقتىن، مېنىڭ بىر ئاغىنەم ئۈرۈمچىدىكى خوتەن ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ مېھمانخانىسىنىڭ 5 ـ قەۋىتىدىن ھەر ئىككى سائەتتە بىر قېتىم پەسكە چۈشۈپ ماشىنىنى 10 ~ 15 مىنۇت ئوت ئالدۇرۇپ قىزدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە ياتاققا قايتىپ چىققانلىقىنى، شۇ تەرىقىدە بىر كېچە زادىلا ئۇخلىيالمىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ قۇرۇلمىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن تەجربە ۋە سىناق قىلىشقا كىرىشتىم. كوندۇزى رېمونتچىلىق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، تەجرىبىنى كېچىسى ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ سانسىز كېچىلەرنى تەجربە قىلىش ۋە سىناق قىلىش بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدۈم. ئاخىر تەجربە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىن كېيىن پاتېنتقا ئىلتىماس سۇندۇم. 2003 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى پاتېنت ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتىم.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 02233836.5

پاتېنت ھوقۇقى گۇۋاھنامە نومۇرى: 544164

بۇ خىل ئۈسكۈنە قىش كۈنلىرى سوغۇق قاتتىق بولغان رايونلاردا ماشىنىنىڭ ماتورى توڭلاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ ئۈسكۈنە ماشىنىلارغا ئورنىتىلغاندىن كېيىن ماشىنىنى توختىتىپ قويماقچى بولسىڭىز، بۇ ئۈسكۈنىنىڭ توك مەنبە ۋىكلىيۇچاتېلىنى ئېچىپ قويۇپ ماشىنا ئاچقۇچىنى ئېلىۋېتىپ، خوتتىن چىقىرىۋېتىپ ماشىنا ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ قويسىڭىز، ماتور تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ 20℃ ئەتراپىغا كەلگەندە ماتور ئاپتوماتىك ئوت ئالىدۇ. ماتور تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ 50℃قا يەتكەندە ماتورنىڭ ئوتى ئاپتوماتىك ئۆچىدۇ. تېمپېراتۇرا

تۆۋەنلىگەندە ماتور يەنە ئوت ئالىدۇ، تېمپېراتۇرا ئۆرلىسە ماتور يەنە ئاپتوماتىك ئۆچىدۇ. بۇ قۇرۇلما تەكرار مەشغۇلات قىلىش ئارقىلىق ماتور تېمپېراتۇرىسىنى 50℃ ~ 20 ئەتراپىدا ساقلايدۇ. بۇ قۇرۇلمىنىڭ تېمپېراتۇرا سىگنال يوللىغۇچىسىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزى خالىغان تېمپېراتۇرىغا توغرىلاشقا بولىدۇ.

بۇ قۇرۇلمىنىڭ ستاتور توك يولىغا 2 ~ 30 سېكۇنتقىچە ۋاقىت بەلگىلىگۈچ ئورنىتىلغان بولۇپ ، ئەگەر ماشىنىڭىزنىڭ ماي يوللىرىدا ياكى توك يوللىرىدا كاشىلا كۆرۈلۈپ 30 سېكۇنت ئىچىدە ئوت ئالماي قالسا، بۇ قۇرۇلما ئاپتوماتىك ھالدا ستاتور (قوزغاتقۇچ)نىڭ توكىنى توختىتىپ ستاتور بۇزۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ستاتور ۋاقىت توغرىلىغۇچىنى قانچە سېكۇنتقا توغرىلاپ قويسىڭىز ماتور ئوت ئالغان ھامان شۇنچە سېكۇنت ئىچىدە ھەرىكەتتىن توختايدۇ.

بۇ «تېمپېراتۇرا ئارقىلىق ئوت ئالدۇرۇش قۇرۇلمىسى»غا ئوت ئۆچۈرۈش قۇرۇلمىسى بىرگە ئورنىتىلغان بولۇپ، باك (يۇباك) توك كلاپانلىق بولسا باك (يۇباك) نىڭ كلاپان توكىنى توختىتىپ ماتورنىڭ ئوتنى ئۆچۈرىدۇ. ئەگەر تارتماق بىلەن ئۆچۈرۈلىدىغان باك (يۇباك) بولسا، ماتورنىڭ ئوتى ئۆچۈرۈلۈش ئالدىدا باك (يۇباك)نىڭ تارتمىقىغا بەش سېكۇنت توك كېلىپ ماتور ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىن تارتماق توكى ئۆزلۈكىدىن توختايدۇ، ئىشلىتىش بىخەتەر.

## ئاپتوموبىلنىڭ ئەينىكىنى ئاپتوماتىك تاقاش قۇرۇلمىسى

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 02233827.6

پاتېنت ھوقۇقى گۇۋاھنامە نومۇرى: 544324

پاتېنتقا ئېرىشكەن ۋاقتى: 2003 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

2000 ـ يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىدى. مەن دوستلىرىم بىلەن كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ساياھەتكە چىقتىم. بىز مەلۇم بىر جايغا بارغاندىن كېيىن ماشىنىدىن چۈشتۇق.

— ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى چۈشۈرۈشنى بىلىدۇيۇ، تاقاشنى بىلمەيدۇ،

— دېدى شوپۇر غۇدۇراپ ھەممە ئۆزى ماشىنىنىڭ ھەممە ئەينەكلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تاقاپ ئاندىن ماشىنىنى قۇلۇپلاپ ھەممىمىزدىن كېيىن يېتىپ كەلدى. مەن شۇ چاغدا «ئەگەر ماشىنىنىڭ ئىشىكى يېپىلىش بىلەنلا دېرىزە ئەينەكلىرىمۇ بىرلىكتە يېپىلسا بەكمۇ قولايلىق بولاتتى ئەمەسمۇ؟» دەپ ئويلىدىم ھەممە ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن قايتا ـ قايتا سىناق قىلىش ۋە تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق بۇ قۇرۇلمىنى 2002 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى دۆلەتلىك پاتېنت ئىدارىسىگە يوللىدىم.

بۇ قۇرۇلمىنىڭ مەشغۇلات ئۇسۇلى:

بۇ قۇرۇلما ماشىنىغا ئورنىتىلسا ئاپتوموبىلنىڭ ئوتى ئۆچۈرۈلۈپ، ماشىنا ئىشىكلىرى قۇلۇپلانغاندىن كېيىن بارلىق ئىشىك ئەينەكلىرى ئاپتوماتىك تاقىلىدۇ. ئاچقۇچ بىلەن قۇلۇپلىسىمۇ ياكى تىزگىنەك بىلەن قۇلۇپلىسىمۇ بۇ قۇرۇلما ئوخشاشلا ئىشلەۋېرىدۇ.

ماشىنا ئەينەكلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تاقاش ھاجەتسىز.

روزى مۇھەممەت قارى بۇ ئۈچ خىل كەشپىياتىنى 2003 ـ يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇردى. ئۇ بۇ قېتىملىق يەرمەنكىگە قاتناشقان تۇنجى ۋە بىردىنبىر ئۇيغۇر دېھقان كەشپىياتچى ئىدى.

روزى مۇھەممەت ئاكا ئۆزىنىڭ كەشپىياتى ۋە يەرمەنكىگە قاتنىشىش ئەھۋالى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ مېنىڭ تۇنجى كەشپىياتىم، شۇنداقلا تۇنجى قېتىم يەرمەنكىگە قاتنىشىشىم. مەن بۇ قېتىمقى يەرمەنكىگە پاتېنت تېخنىكا ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ياكى بىرلىشىپ مەسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنى خالايدىغان خېرىدار تېپىش مەقسىتىدە قاتناشقان. مەن بۇ جەرياندا نۇرغۇن سودىگەر ۋە كارخانىچىلار بىلەن تونۇشتۇم، نەزەر دائىرەم تېخىمۇ كېڭەيدى. خېلى كۆپ كارخانىچىلار كەشپىياتىمغا قىزىقتى ۋە يۇقىرى باھا بەردى. مەن بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال.


دېھقان، سەنمۇ كۆل، پەقەت بۇغداي، قوناق، تاۋۇز، قوغۇن تېرىپلا خۇشال بولۇپلا قالماي يەنە ئاجايىپ كەشپ ـ

ئىختىرالىرىڭىزدىن ، ساپ ــ سەبىي، سۈپسۈزۈك ئەقىل ــ پاراسىتىڭىزدىن باشقىلارنى ھەيرانۇ ھەس قالدۇرۇپ خۇشال بول. دېھقان، ساڭا ئامەت تىلەيمىز!

كەشپىياتچى ساڭا ئۇتۇق تىلەيمىز!!

※ ※ ※

# كەشپىياتچى مەتتىمىن تۇرسۇن توغرىسىدا



خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ ياردەمچى ئىنژېنېرى، MQ — 300 تىپلىق بىدە ئورۇۋقنى ئايرىش ماشىنىسىنىڭ ئىجادچىسى، پېشقەدەم كەشپىياتچى مەتتىمىن تۇرسۇن ئاكا 1950 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قەدىم دىيار خوتەندە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ باللىق چاغلىرىدا خوتەن شەھىرىگە تەۋە توپچا باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇغان. كېيىن خوتەن ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھەربىي سەپكە قاتناشقان. ئۇ بەش يىللىق ھەربىي تۇرمۇش ھاياتىدا ئات ئوينىتىپ پامىر تاغلىرىنىڭ قارلىق چوققىلىرىنى، ياپيېشىل يايلاقلارنى، قەشقەر بوستانلىقىنى كەزگەن. ھەربىي تۇرمۇش ئۇنى قەيسەر ئىرادىگە، جاپا ـ مۇشەققەتكە باش ئەگمەيدىغان روھقا، تىرىشىپ ئىشلەيدىغان ئىستىقبالغا ئىگە قىلىپ تاۋلاپ چىققان.

مەتتىمىن تۇرسۇن 1973 ـ يىلى سابىق شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، 1977 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكى ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىغا تەقسىم قىلىندۇ.

ھەرقانداق بىر كەشپىيات كەشپىياتچىنىڭ ئەقلىي تىرەنلىكى ۋە تىرىشچانلىقىدىن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بەزى چاغلاردا ئەقلىدىكى كىچىككىنە چاقناش ھەتتا باشقىلارنىڭ بىرەر سۆزى، ئىلھاملاندۇرۇشى

زور كەشپىيات ـ ئىختىرالارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. 2000 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى مەتتىمىن تۇرسۇننىڭ يېقىن ئاغىنىسى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتلاق فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى دوكتور قۇربان نىزامىدىن ئۇنىڭغا: ئوتلاقچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭ بويىچە بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىنىڭ بىر قىسىم يېزىلىرىدا زور كۆلەمدە بېدە كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى يولغا قويغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن زور مىقداردا بېدە ئۇرۇقى ئىشلەپچىقىرىش لازىملىقىنى، لېكىن بېدە ئۇرۇقىنى ئايرىش مەشغۇلاتىنىڭ مۇرەككەپ، ئىش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭدا ھەتتا مەملىكەت تەۋەسىدە مۇۋاپىق بېدە ئۇرۇقىنى ئايرىش ماشىنىسىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىدۇ. دېمىسىمۇ بېدە ئۇرۇقىنى ئۇنىڭ غولىدىن ئايرىش ناھايىتى تەس بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرى ئادەتتە شامال ساندۇقى ئارقىلىق ئايرىيتتى. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن بېدىنىڭ غول قىسمىنى ئايرىۋېتىپ، ئۇرۇقىنى، يوپۇرماقلىرىنى ئۇۋۇلاش ماشىنىسىغا سېلىپ، بېدە ئۇرۇقى ئۆزىنىڭ پورشېنىسمان قېپىدىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن شامال ساندۇقىغا سېلىپ ئۇرۇقىنى پاكىزلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ دەسلەپتە ئىشنى ئاددىي چاغلاپ، ئۇۋۇلاش ماشىنىسىدا ئۇرۇقنى قېپىدىن ئايرىپ چىققاندىن كېيىن شامال ساندۇقىدا پاكىزلىغىلى بولىدۇ دەپ قاراپ ماشىنىنى لايىھىلەشكە كىرىشىدۇ. ئۇ ئايرىش ماشىنىسىنى لايىھىلەشتە ئۇۋۇلاش ماشىنىسىدا ئۇۋۇلانغان سامان بىلەن ئۇرۇقنىڭ ئارىلاشمىسىنى ئاۋۋال تاسقىۋېتىپ، ئاندىن سورۇيدىغان قىلىپ ياساپ چىقىدۇ. لېكىن ئۇۋۇلاش ماشىنىسىدا بېدە ئۇرۇقى پورشېنىسمان قېپىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئارىلاش بېدە ئۇرۇقى خۇددى كېپەكسىمان قوقانغا[1] ئايلىنىپ كەتكەنىدى. چۈنكى ئۇۋۇلاش ماشىنىسىنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولۇپ، سېكۇنتىغا 2500

---

[1] قوقان —— توپان، سامان

قېتىم ئايلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سامان كۆپ نىسبەتنى ئىگىلىگەچكە، تاسقاش سېتكىسىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ساماننىڭ مىقدارى ناھايىتى كۆپ، سېتكىدىن ئۆتمەي ئايرىلىپ چىققان سامان ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئۇرۇقنى پاكىزلاش نىسبىتى 10٪ كىمۇ يەتمەيتتى. سىناق مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. بەش ئايدىن ئارتۇق جاپا چېكىپ قىلغان ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەكلىرى يوققا چىقتى. لېكىن، ئۇ بوشىشىپ كەتمىدى. «بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈنچىۋالا ئوڭاي ئىش ئەمەس، مەغلۇبىيەت غالىبىيەتنىڭ ئانىسى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتەن ۋىلايىتىدە 1 مىليون مو بېدە تېرىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا دېھقان قېرىنداشلىرىمغا ئوڭايلىق يارىتىش ئۈچۈن ئىشنى قايتىدىن باشلىشىم كېرەك» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللىي بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ مەتتىمىن ئاكا ماشىنىنى قايتىدىن لايىھەلەشكە كىرىشتى. ئۇنىڭ پۈتۈن زېھنى، ئوي ـ خىيالى ئاشۇ ئايرىش ماشىنىسىدىلا ئىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ كاللىسىغا ئۇشتۇمتۇت بىر ئوي كەلدى: ئۇيغۇر دېھقانلىرىمىز خامان سورۇغاندا سامان بىلەن داننىڭ ئارىلاشمىسىنى ئارىغا ئېلىپ شامالغا قارىتىپ ئاتىدۇ. دان بىلەن سامان بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىدۇ ئەمەسمۇ؟

ئۇ ئۇرۇق بىلەن ساماننىڭ ئارىلاشمىسىنى تەخسىگە ئېلىپ چىقىدۇ ـ دە، قورۇغا چىقىپ بىر سىقىم ـ بىر سىقىمدىن يانتۇ ھالەتتە ھاۋاغا ئاتىدۇ. نەتىجىدە قوقان ئالدىغا چۈشۈپ، دان 2 ـ 3 مېتىر يىراققا چۈشىدۇ. باللىرى بۇ ئىشقا ھەيران قېلىپ: «دادا، ئۇرۇقنى نېمىشقا چېچىۋېتىسىز؟» دېيىشىدۇ. بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئۈمىد ئاتا قىلىدۇ. سامان بىلەن ئۇرۇقنىڭ ئارىلاشمىسىنى يەر يۈزىگە °45 لۇق يانتۇلۇقتا ئېتىش كېرەك! دەيدۇ ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە خەرىتە سىزىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. بۇ قېتىمقى لايىھەدە ماشىنا ئىككى قۇرۇلمىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئاۋۋال ئۇۋاقلاش ماشىنىسى ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ئاستىغا ئېتىپ سورۇش قۇرۇلمىسى °45 لۇق يانتۇلۇقتا

ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ 2000 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئىش باشلاپ 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تۇنجى ئەۋلاد بېدە ئۇرۇقىنى ئايرىش ماشىنىسى پۈتۈپ چىقىدۇ. 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى خوتەن ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى نەق مەيداندا بۇ ماشىنىنى سىناق قىلىپ، ھەممەيلەن ماشىنىنىڭ ئىقتىدارىغا قايىل بولىدۇ. بۇ ماشىنا نىيە ناھىيىسىدە قايتا ـ قايتا سىناقتىن ئۆتكەندىن كېيىن 2001 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى دۆلەتلىك پاتېنت ئىدارىسىگە پاتېنت ھوقۇقىغا ئىلتىماس قىلىدۇ. 2002 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 01231125.1

مەتىمىن تۇرسۇننىڭ بۇ كەشپىياتى پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇ ئۆزى بىۋاستە قول تىقىپ ئىشلەپ بۇ ماشىنىدىن جەمئىي 23 دانە (بۇنىڭ ئىچىدە بىر دانىسى چوڭ تىپتىكى) ياساپ، خوتەن ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسى، خوتەن ناھىيىسى، لوپ، نىيە، كېرىيە ۋە قەشقەر، پەيزاۋات ناھىيىلىرىگە سېتىپ بېرىدۇ. ئۇ ئاخىر تارتقان جاپالىرىنىڭ مېۋىسىنى كۆردى.

بۇ خىل ماشىنىنىڭ ئىقتىدارى ياخشى، ئېنېرگىيە سەرپىياتى تۆۋەن بولۇپ، ئەمگەك كۈچىنى تېجەيدۇ. بۇ ئۈسكۈنە بولمىغان شارائىتتا بىر كىچىك تراكتور ياكى 7.5Kw لىق ئېلېكتر ماتور، 2 ـ 3 ئادەم كۈچى كېتىدۇ. ئادەتتە ئادەم كۈچى بىلەن بىر كۈندە 5 كىلوگرام بېدە ئۇرۇقىنى ئايرىغىلى بولسا، بۇ خىل بېدە ئۇرۇقىنى ئايرىش ماشىنىسىدا بىر سائەتتە 40 كىلوگرام بېدە ئۇرۇقىنى ئايرىغىلى بولىدۇ. چارۋىچىلىق رايونى، يەم ـ خەشەك ئۆستۈرۈش، كېڭەيتىش بازىسى ، ئۇرۇقچىلىق شىركەتلىرى ۋە شەخسلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە ماس كېلىدۇ.

بۇ يىل 54 ياشقا كىرگەن بۇ ئىجتىھاتلىق ئۇستاز ئۆزىنىڭ تەن سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولماسلىقىغا قارىماي

يەنە كەڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارغا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن چوڭ تىپتىكى سامان تاسقاش ئۈسكۈنىسى ۋە ھەلەپ ئېتىش ئۈسكۈنىسىنى ياساپ چىقىش ئۈچۈن ئىزدەنمەكتە.

بۇ پېشقەدەم ئۇستازنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن، تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىنى، يېڭىدىن ـ يېڭى كەشپىياتلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىنى تىلەيمىز.



※ ※ ※

# ئۆزگىچە كەشپ، ئۆزگىچە كەشپىيات



ئەگەر سىز ئۇنىڭ كەشپ ــ ئىختىرالىرىنى كۆرسىڭىز چوقۇم ئۇنى بىرەر فىزىكا تەتقىقات ئورنىدا تەتقىقاتچى ياكى ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتىدا ئىنژېنېر، ھېچبولمىسا فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالىسىز. ئەمما، ئۇ ئاتۇش شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ھازىرقى شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمىتى بىلەن ئۇنىڭ كەشپىياتى ئازراقمۇ مۇناسىۋەتلىك ئەمەس. بىرسى سان ــ سىپىر، جەدۋەل، كرېدىت، پۇل، ستاتىستىكىدا دېگەندەك نەرسىلەر. يەنە بىرسى بولسا، ئېلېكترونلۇق كۆپ ئىقتىدارلىق بۆشۈك، ئىشلىتىلىشچان كەتمەن ــ گۈرجەك، خەلقئارالىق سائەت، ئېلېكترونلۇق ئاياغ چوتكىسى...

بەلكىم سىز بۆشۈكنى ياغاچچى، كەتمەن ــ گۈرجەكنى تۆمۈرچى، سائەتنى پەرەڭلەر، ئاياغ چوتكىسىنى شاڭخەيلىكلەر ياسىشى كېرەك دەپ قارايدىغانسىز.

لېكىن بۇلارنى تۇرسۇنجان — ئاتۇش شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى ياساپ چىققان.

مەن ئۇنى ئىزدەپ بارغان چېغىمدا دەم ئېلىش كۈنى بولغىنىغا قارىماي چوڭ بىر كوللېكتىپ ئىشخانىدا خىزمەتداشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ چەتتىكى بىر كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ نېمىلەرنىدۇر ھېسابلاۋاتاتتى. بىز يان تەرەپتىكى بوش ئورۇندا ئولتۇرۇپ

سۆھبەتلىشىشكە باشلىدۇق.

— مەن 1999 ـ يىلى شىنجاڭ مالىيە ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، ئاتۇش شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتىمەن، — دېدى ئۇ ئۆزى ئۈستىدە توختىلىپ — مەن ئىلگىرى بۇ تۈرلەردە مەخسۇس نەزەرىيە بىلەن تەربىيىلەنمىگەن. تەجرىبىمۇ ئىشلەپ باقمىغان. مېنىڭ كەشپىياتقا كىرىشىشىمگە ئاسترونومىيىگە قىزىقىشىم سەۋەب بولدى.

«ئاسترونومىيە؟ ئۇنىڭ كەشپىياتى بىلەن ئاسترونومىيىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى باردۇر؟» دەپ ئويلىدىم مەن ئىچىمدە.

— تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟ — دېدىم مەن سەل ھەيران بولغان ھالدا.

ئۇ ئۆزىنىڭ كەشپىياتقا كىرىشىش جەريانىنى باشتىن سۆزلەپ بەردى.

تۇرسۇنجان تۇرغۇن ئاتۇش شەھىرىگە تەۋە ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىنىڭ لايلىق كەنتىدە تۇغۇلغان. يۇرتىدا مۇشتاغ دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى تۇرغۇن ئاكا ھەر كۈنى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ قۇياشنىڭ تاغ ئارقىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدىكەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تۇرغۇن ئاكا قۇياشنىڭ تاغقا پاتقانلىقىنى 30 يىل كۆزەتكەن. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ كۆزىتىشىچە قۇياشنىڭ مۇشتاغقا ھەر كۈنى سائەت قانچىدە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقى بولماستىن، ھەر يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كۈنپېتىشقا باشلىغاندا كۆزگە بىر بەلگىنىڭ چېلىقىدىغانلىقىنى سېزىپ «بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەر يىلى بىر نۇقتىدىن ئۆتەمدىغاندۇ؟» دېگەن سوئال بىلەن قۇياشنىڭ تاغقا پاتقانلىقىنى كۆزىتىش ئىكەن. ئۇنىڭ دادىسى 30 يىل قۇياشنىڭ مۇشتاغقا پاتقانلىقىنى كۆزىتىش جەريانىدا بەلگە سىزىقىنىڭ ھەر يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى بىر نۇقتىدىن كىرمەي ئورنىنىڭ بارغانسېرى يۆتكىلىۋاتقانلىقىنى بايقىغان ھەمدە ئاسترونومىيىلىك ھادىسىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يەر شارى ئېكلىپتىكا ئېكۋاتور تەكشىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى

كېيىنىش بۇلۇڭىنىڭ بارغانسېرى قىسقىراۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن. ئۇ دادىسى ۋە ئۆزىنىڭ ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىشلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان «يەر شارىنىڭ ھالىتى تۇرغۇن ئەمەس» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىنى شىنجاڭ قۇرغاق رايون تەتقىقات ئورنىغا يوللىغان. ئاسترونومىيىلىك ھادىسىلەر توغرىسىدىكى بۇ ئىلمىي ماقالە تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ئاسترونومىيىلىك ھادىسىلەر ھەققىدىكى كۆز قاراشنى ئىسپاتلاشقا ناھايىتى نۇرغۇن مەبلەغ كەتكەچكە، مەبلەغ يېتىشمەسلىك ئۇنىڭ كۆزقارىشىنى دەلىللەشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلمىگەن. شۇنداقلا تۇرسۇنجاننىڭ تەتقىقات قىزغىنلىقىنى چەكلەپ قويغان.

ئۇ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشتىن سىرتقى چاغلاردا تىجارەت قىلىپ باققان. ئەمما، بىر تەرەپتىن تىجارەت قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن مەبلەغ جۇغلاش مۇمكىن بولمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي قىممەت يارىتىشنى نىشان قىلغان ئىجادىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ، دەۋر تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان كارخانىلاشقان، ئىلمىيلاشقان، تېخنىكىلاشقان مەھسۇلات يارىتىپ، مەبلەغ توپلاش قارارىغا كەلگەن. ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئۆزگىچە قىممەت قارىشى ئۇنى كەشپىيات ساھەسىگە باشلاپ كىردى. يېقىندىن بۇيان دۇنياغا كۆزئاچقان بوۋاقلارنىڭ تېخىمۇ قولاي شارائىتتا ساغلام، تېمەن بېقىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە ئۇ تۇنجى بولۇپ كۆپ ئىقتىدارلىق ئېلېكترونلۇق بۆشۈكنى ئىجاد قىلدى.

## 1. كۆپ خىل ئىقتىدارلىق ئېلېكترونلۇق بۆشۈك

بۇ بۆشۈكنىڭ ئىقتىدارى شۇكى، ئۇنى يىراقتىن كونترول قىلغىلى بولىدۇ. بالا يىغلىغان ھامان ئاپتوماتىك تەۋرەيدۇ. ۋاقىتقا توغرىلاپ قويسا ئۆزى ئاپتوماتىك تەۋرەيدۇ. باتارېيىگىمۇ چاتقىلى بولىدۇ. تېز ۋە ئاستا سۈرئەتتە تەۋرەتكىلى، باللار ھاۋىسى قىلىپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ، توك

سەرپىياتى تۆۋەن.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 02251736.7

## 2. ئىشلىتىشچان (كۆپ ئىقتىدارلىق) كەتمەن ـ گۈرجەك

بۇ خىل كەتمەن ـ گۈرجەكنىڭ ئىقتىدارى: بىر بۇرما مىخ ئارقىلىق ھەم كەتمەن، ھەم گۈرجەك قىلغىلى بولىدۇ. قۇراشتۇرۇشقا ئاسان. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، يول ئاسراش قۇرۇلۇشى ۋە ھەربىي ئىشلاردا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

تەننەرخى تۆۋەن، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 02283929.1

## 3. خەلقئارالىق سائەت

ئادەتتە چوڭ مېھمانسارايلاردا 8 ـ 9 سائەت ئېسىلىدۇ. ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ئوخشىمىغان ۋاقىت رايونىنى كۆرسىتىدۇ. تۇرسۇنجان لايىھىلىگەن خەلقئارالىق سائەت بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆزىگە يىغىنچاقلىغان. بۇ سائەتكە 24 رەقەم تولۇق چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، سائەت ئىسترېلكىسى ھەر بىر شەھەرنىڭ چۈشتىن بۇرۇنقى ۋە چۈشتىن كېيىنكى ۋاقتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئادەتتىكى سائەتكە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، سائەت ئىچىگە خەرىتە، خەرىتە ئىچىگە چوڭ شەھەرلەرنىڭ ئىسمى چۈشۈرۈلگەن. خەرىتە بىلەن سائەت ئىسترېلكىسى بىرلىكتە ئايلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق خەلقئارادىكى ھەر قانداق بىر شەھەرنىڭ ۋاقتىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئىشلىتىلىش دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ، قولايلىق بولۇپ، جۇغراپىيە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشىدا، ساياھەتچىلىكتە ئىشلىتىشكە، مېھمانخانىلارغا، ۋوگزال، ئايروپورتلارغا، پاساژىر بېكەتلىرىگە، شۇنداقلا چوڭ شەھەرلەرنىڭ خەلق مەيدانلىرىغا، بىنالارنىڭ ئۈستىگە بېكىتىشكە بولىدۇ.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 2367480.6

## 4. ئېلېكتىرونلۇق ئاياغ چوتكىسى

كىشىلەرنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ ئاياغ چوتكىلاش ۋە مايلاشمۇ بىر خىل ۋاقىت ئىسراپچىلىقى بولۇپ قالدى. ئاياغ مايلاش چوتكىلىرى ۋە ئاياغ مايلاش ئۈسكۈنىلىرى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ، ئاياغ مايلاش چوتكىسى ساقال ئېلىش ماشىنىسىدەك ئاددىيلاشمىغانىدى. تۇرسۇنجان شەكلى قولچىراغقا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئېلېكتىرونلۇق ئاياغ مايلاش چوتكىسىنى ياساپ چىقتى. بۇ خىل چوتكىنى توك مەنبەسىگە چېتىپمۇ ھەمدە باتارېيە ئارقىلىقمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ۋاقىتنى تېجەيدۇ، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 03302398.O

تۇرسۇنجان تۇرغۇن بۇ تۆت خىل كەشپىياتىنى 2003 - يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى ۋە 2003 - يىللىق سانجى پەن - تېخنىكا يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇردى. يېقىندا جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى مەلۇم يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى ئىشلىتىلىشچان كەتمەن - گۈرجەكنىڭ تېخنىكا ھوقۇقىنى سېتىۋېلىشقا 800 مىڭ يۈەن باھا قويغان. بېيجىڭ - شياڭگاڭ ۋەندا سودا چەكلىك شىركىتىمۇ تېخنىكا ھوقۇقىنى سېتىۋېلىش توغرىسىدا ئالاقە ئەۋەتكەن. ئۇ ياسىغان كۆپ ئىقتىدارلىق ئېلېكتىرونلۇق بۆشۈك 2003 - يىللىق خەلقئارا پاتېنت تېخنىكىلىرى يەرمەنكىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن.

ئۇ بۇ كەشپىياتلىرى ئۈچۈن 2003 - يىلى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بېيجىڭ 21 - ئەسىر X قۇرۇلۇشى يولغا قويۇش باشقارمىسى (北京 21 世纪 X 工 程实施处) تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە 21 - ئەسىر X نۇقتىلىق پاتېنت يولغا قويۇش قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق يولغا قويۇلىدىغان تۈرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىك ھەققىدە ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق پىلانلىرىڭىز بار؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— مەن ھەرقانداق نەرسىنى كۆرسەم ھازىرقىدىنمۇ ياخشىراق قىلىپ ئۆزگەرتكىلى بولامدۇ ـ يوق؟ دەپ ئويلايمەن ۋە مۇشۇ ئاساستا پىكىر يۈرگۈزىمەن. مېنىڭ ھازىر كۆڭلۈمگە پۈككەن كەشپىياتلىرىم 120 خىلدىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە توكلۇق ئۈچ چاقلىق ۋېلسىپىت، دورىلىق قىممىتىگە ئىگە بىر خىل ئىچىملىك، ئاپتوموبىل بىخەتەرلىك ئۈسكۈنىسى (سوقۇلۇپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان)، قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىدىغان ئىچىملىك، دەرەخ چاتاش، مېۋە ئۈزۈش ئۈسكۈنىسى قاتارلىق يېڭى كەشپىياتلىرىنىڭ چېرتيوژى ۋە نۇسخىلىرىنى كۆرسەتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ كەشپىياتلىرىنىڭ تېزرەك ئىشلەپچىقىرىش كۆچىگە ئايلىنىپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىشقا ئىنتىزار ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئاسترونومىيىدىكى ئىلمىي قاراشلىرىنى دەلىللەشكە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولۇشىغا تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۆزىنىڭمۇ بۇنىڭغا ئىشەنچىسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئەقىل ـ پاراسەت، قەتئىيلىك ۋە ئىشەنچ چاقناپ تۇراتتى.

※ ※ ※

# ئىرىشچان كەشپىياتچى



ياش كەشپىياتچى دىلشات باھاۋۇدۇن 1972 - يىلى توقسۇن ناھىيە غولبويى يېزىسىدا بىر زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1979 - يىلىدىن 1984 - يىلىغىچە نەخۇل كەنتى نەخۇل باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ ھەممە نەرسىگە ھەۋەس قىلاتتى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقىتلىرىدا ئاپتوماتىك قوم تاسقاش ئۈسكۈنىسىنى ياساپ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ 1990 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان چاغدا ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ رەھمەتلىك دادىسى باھاۋۇدۇن سەيدۇللا تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتىدۇ. بۇ پاجىئە ئۇنىڭ قەلبىگە قاتتىق تەسىر قىلىپ ئېغىر روھىي ئازابقا دۇچار بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە بولالمايدۇ. ئائىلىسىنىڭ ئېغىر يۈكى ئۆز نۆۋەتتە ئۇنىڭ يەلكىسىگىمۇ يۈكلىنىدۇ. 1991 - يىلى توقسۇن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىدۇ (رەھمەتلىك دادىسى ئەسلىي توقسۇن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن). ھازىر ئۇ توقسۇن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە تېخنىك ئىشچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

قەلبىگە ئۇلۇغ ئارمانلارنى پۈككەن كىشىلەر ئۈچۈن ئىرىشچانلىق ۋە ئۆزلۈكسىز ئالغا بېسىش روھى ئۇلارنى غەلىبە يولىغا باشلاپ بارالايدۇ. دىلشات باھاۋۇدۇن خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن، ئىجتىھات

بىلەن ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەممە نەرسىگە قىزىقىش ئادىتى بىلەن ئۇنى ـ بۇنى ياسايتتى.

ئۇ دوختۇرخانىلاردا بىمارلار ئاسما ئوكۇل سالدۇرغاندا ئوكۇل سۇيۇقلۇقى تۈگەپ كەتسىمۇ سېستىرالارنىڭ ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمەي بىمارلارنىڭ ئاغرىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 1997 ـ يىلىدىن باشلاپ تۆت يىل كۆپ قېتىم مودېل ياساش، چېرتيوژ سىزىش، سىناق قىلىش ئارقىلىق ئاخىر ئاسما ئوكۇل تۈگىگەندە ئاپتوماتىك سىگنال بېرەلەيدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق ئۈسكۈنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقتى ھەمدە 2001 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى پاتېنت ھوقۇقىغا يوللايدۇ. شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 01207005. X

بۇ ئۈسكۈنىنىڭ سىرتقى قېپى چىدامىلىقلىقى يۇقىرى سۇلياۋدىن ياسالغان، تاپانچا شەكىللىك ئاسما ئوكۇل ئاسقۇچ بولۇپ، يىغىلغان چاغدىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 20 ~ 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، ئاسما ئوكۇل ئاسقۇچنىڭ ئۈچى 20 ~ 30 سانتىمېتىر ئۇزىراپ قىسقىرالايدۇ. يۇقىرى ـ تۆۋەن ھەرىكەتلىنەلەيدۇ شۇنداقلا ئوڭ، سول تەرەپلەرگە 90° بۇرۇلالايدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت، ئاسما ئوكۇل ئاسقۇچىدا بىمار كارىۋىتىنىڭ، شۇنداقلا بىمارنىڭ ھەر قانداق يۆنىلىشكە ئاساسەن تەڭشىگىلى بولىدۇ. بۇ قۇرۇلمىغا يەنە تېرمومېتىر، ئېلېكترونلۇق سائەت ھەم دوختۇرخانىلاردا جىددىي توك توختاپ قالغاندا ئۆزلۈكىدىن ياندىغان يورۇتۇش ئۈسكۈنىسى سەپلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ قۇرۇلمىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، 100 دانە ئاسما ئوكۇل ئاسقۇچ بىر گۇرۇپپا قىلىنىدۇ. يەنى 100 دانە ئاسما ئوكۇل ئاسقۇچقا بىر دانە ئېكران كۆرسەتكۈچ سەپلىنىدۇ.

قايسى گۇرۇپپىدا، نەچچىنچى ئاسقۇچتا ئاسما ئوكۇل تۈگىسە ياكى تۈگەشكە ئاز قالغاندا بۇ قۇرۇلما ئۆزلۈكىدىن نۆۋەتچى سېستىرالارغا

ئاپتوماتىك ھالدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ئۈچ خىل تىلدا قانچىنچى ياتاق، قانچىنچى كارىۋاتتا ئوكۇل سۇيۇقلۇقى تۈگىگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ.

بۇ خىل ئۈسكۈنىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، تەننەرخى تۆۋەن، ئىشلىتىلىشچانلىقى يۇقىرى بولۇپ، دوختۇرخانىلاردا ئىشلىتىلگەندە دوختۇر، سېستىرالارنىڭ خىزمەت ۋاقتىنى قىسقارتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، بىمارلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ كەشپىياتى 2001 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جەنۋە ۋە ئاۋستىرالىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن 2 ـ قېتىملىق كۆرگەزمىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن پاتېنت تېخنىكا كۆرگەزمىسىدە ئىككى قېتىم ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن.


ئەپسۇس، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن بۇ مۇكاپاتلارنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا قادىر بولالمىغان. ئۇنىڭ نۆۋەتتە «بىمارلارنىڭ نومۇرنى تېپىش»، «ئاپتوموبىل بالونىنىڭ يەل بېسىمىنىڭ ئازىيىشى ۋە كۆپىيىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈسكۈنىسى» قاتارلىق كەشپىياتى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن پاتېنتقا يوللىنالماي تۇرىدۇ.

※ ※ ※

# كىچىك كەشپىياتچى

**— سىنىڭ بۇ كىچىك شامال تۈگمىنىڭدە ئۇن تارتقىلى بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئانىسى كىچىك نيۇتوندىن.**

**— «نيۇتون ھەققىدە ھېكايە»دىن**



كىچىك كەشپىياتچى مۇھەممەت ئەھمەت 1986 ـ يىلى پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازىرى دېھقانسۇ كەنتىدە بىر ھۈنەرۋەن ئائىلە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ئۈچ تۈرلۈك كەشپىيات يارىتىپ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن.

ئۇ كىچىكىدىنلا ھەرقانداق نەرسىگە قىزىقىش نەزەرى بىلەن قارايتتى. بولۇپمۇ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى، بۇزۇلغان ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ۋە باشقا ھەر خىل نەرسىلەرنى رېمونت قىلىشقا، ياساشقا بەكمۇ قىزىقاتتى. لېكىن، ئۇ دادىسىنىڭ نەزەرىدە بىر «بۇزغۇنچى» ئىدى. مۇھەممەت ئەھمەت مانا مۇشۇنداق كىچىك مودېللارنى، ئېلېكترونلۇق ئاددىي قۇرۇلمىلارنى ياساش، قۇراشتۇرۇش، رېمونت قىلىش بىلەن خۇشاللىققا ئېرىشەتتى. بەزى چاغلاردا ئۇ ئۆيدىكى ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن قەستەن چۇۋۇپ كۆرەتتى. شۇنداق بولسىمۇ دادىسى ئۇنىڭ بۇ خىل قىزىقىشلىرىغا يول قوياتتى. مۇھەممەتمۇ بىلەلمىگەن جايلىرىنى دادىسىدىن سوراپ بىلىۋالىدىغان بولدى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقىغا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىنمۇ ئۆگىنىشتىن

كۆرە ئېلېكتىر ئۇسكۇنىلىرىگە بەكمۇ قىزىقاتتى. شۇڭا باشلانغۇچنىڭ 1 ـ يىللىقىدا ئىككى يىل ئوقۇدى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا مەكتەپ پەن ـ تېخنىكا كۇرۇژۇكىغا ئاكتىپ قاتناشتى. بۇ ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋېلىشىغا، ئىزدىنىشىگە تۈرتكە بولدى.

بىر كۈنى مۇھەممەت ساتىراشخانىغا چاچ ئالدۇرغىلى كىرىدۇ. ساتىراش ئۇستام بىرەيلەننىڭ چېچىنى چۈشۈرۈۋاتقانىدى. ئۇ ئۇستىرا يۈزىگە چاپلىشىۋالغان تۈكلەرنى قولى بىلەن سىيرىپ چۈشۈرۈۋېدى، قولى كېسىلىپ كەتتى. بۇ ئىشنى كۆرگەن مۇھەممەتنىڭ كاللىسىغا دەرھال «ئۇستىرىنى قولنى كېسىۋەتمەيدىغان قىلىپ ياسىغىلى بولماسمۇ؟» دېگەن خىيال كېلىدۇ. ئۇ مۇشۇ مەسىلىنى ئۇزاق ئويلىنىدۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭ خىيالىغا تويۇقسىز ماشىنىنىڭ ئەينەك سۈرتۈش ئۈسكۈنىسى كېلىدۇ. ئۇ مۇشۇ خىل قۇرۇلمىدىن ئىلھاملىنىپ ئەگەر ئۇستىرا يۈزىگە ماشىنىنىڭ ئەينەك سۈرتكۈچىسىگە ئوخشاش بىر قۇرۇلما ئورنىتىلسا، ساتىراش ئۇستام ئۇستىرىنىڭ مەلۇم يېرىدىكى بىر كۇنۇپكىنى باسسىلا ئۇستىرا يۈزىدىكى تۈكلەر سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتسە نېمىدېگەن قۇلايلىق ـ ھە؟» دەپ ئويلايدۇ. قايتا ـ قايتا لايىھىلەش، ئۆزگەرتىش، سىناق قىلىش ئارقىلىق 2002 ـ يىلى قۇلايلىق ئۇستىرىنى ياساپ چىقىدۇ ھەمدە شۇ يىلى 7 ـ ئايدا بۇ كەشپىياتنى ئاپتونوم رايونلۇق پاتېنت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدارىسى ئارقىلىق دۆلەتلىك پاتېنت ئىدارىسىگە يوللاپ 2003 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 02230876. 8

گۇۋاھنامە نومۇرى: 557089

بۇ خىل ئۇستىرا بىخەتەر، ۋاقىتنى تېجىگىلى بولىدۇ. مەشغۇلات ئادىتىگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

**سىگنال بېرىدىغان جۇمەك**

ئۇ دائىم كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن قىش كۈنلىرى تراكتورنىڭ سۈيى

توڭلاپ قېلىپ سۇ قاچىلاش تۇڭى (شۈيباڭ)نى يېرىۋېتىپ كىشىلەرگە زىيان سالىدىغانلىقىنى ئاڭلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ سۇ توڭلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسكۇنىسىنى ياساش قارارىغا كېلىدۇ. مۇھەممەت سۇ توڭلاشقا ئاز قالغاندا سۇ تۇرۇبىسى ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ سۇ يەرگە چۈشۈپ كېتىدىغان قۇرۇلمىنى ياسايدۇ. لېكىــــن، تراكتورلاردا بولۇپمۇ قول تراكتورلىرىدا ئاككۇمۇلياتور بولمىغاچقا، بۇ خىل قۇرۇلما كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالىدۇ. ئۇ قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق سۇ تۇڭىدىكى سۇ توڭلاشقا ئاز قالغاندا سىگنال بېرىدىغان ئۇسكۇنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقىدۇ ھەمدە 2003 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى دۆلەتلىك پاتېنت ھوقۇق ئىدارىسى تەرىپىدىن پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 02230960.8

گۇۋاھنامە نومۇرى: 538704

## قوش پاترون (قوش دىڭتو)

بۇ خىل پاترون (دىڭتو)نىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇنىڭغا ھەم بۇرمىلىق لامپۇچكا، ھەم ئىلمەكلىك لامپۇچكا سالغىلى بولىدۇ. ھەربىر لامپۇچكىنىڭ باشقۇرغۇچى ۋىكلىيۇچاتېلى بار. ھەر ئىككى يېنىدا چاتقۇچ تۆشۈك (ساكو)لۇق توك مەنبە ئورنىتىلغان. بۇ كەشپىيات 2003 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى دۆلەتلىك پاتېنت ھوقۇقى ئىدارىسى تەرىپىدىن پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن.


پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 02230877.6

گۇۋاھنامە نومۇرى: 539510

ئۇ تېخى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى. ئۇ سانسىز قېتىملاپ تەجرىبە قىلىش، سىناق قىلىش ۋە قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈردى. بەش مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سەرپ قىلدى. ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ كەشپىياتلارنى يارىتىپ تەڭتۇشلىرى ۋە زامانداشلىرىغا ئۈلگە تىكلەپ بېرىشىگە تىلەكداشمىز.

# ئۇ ھەتتا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە بولالمىغان

— كەشپىياتچى رەھمەتۇل ئىمىن توغرىسىدا



ياش كەشپىياتچى رەخمەتۇل ئىمىن 1976 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازىرى كونشەھەر مەھەللىسىدە بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ ئائىلىسىدىكى ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى تۈپەيلىدىن 1988 ـ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شۇ پېتى ئوقۇشسىز قالغان.

ئۇ كىچىكىدىنلا فىزىكا، ئاسترونومىيە، خىمىيە ۋە يورۇقلۇق قانۇنىيەتلىرى پەنلىرىگە قىزىقاتتى. ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى كۆپ خىل ۋە مۇرەككەپ بولغان جىسىملارغا نېمە ئۈچۈن دەپ سوئال قويغىنىچە تەتقىق قىلاتتى، ئىزدىنەتتى. ئۇ قايتا ـ قايتا تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۈچ دانە لوپا ئەينەكتىن كۈن نۇرى ئارقىلىق رەڭلىك سۈرەتنى تامغا چۈشۈرىدۇ ھەمدە بۇ ئارقىلىق كىنو ئاپپاراتىنى چۈشىنىدۇ.

— ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ چاغلار 1989 ـ يىلى ئىدى — دەيدۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇسمۇرلۇك چاغلىرىنى ئەسلەپ.

— مەن دائىم كۈن بويى ئەنە شۇنداق تەجرىبىلەرنى ئىشلەيتتىم. تۆت دانە باتارېيە بىلەن بىر دانە ئېلېكتر ماتور مېنىڭ ئەڭ ياخشى سىردىشىم ئىدى. مەن يەنە باتارېيە بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان كىچىك پاراخوت، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، كران، باتارېيە بىلەن

ھەرىكەتلىنىدىغان ئاپتوماتىك باسماق قاتارلىق نەرسىلەرنى ياسىغانىدىم. مەن كۆپ بويى ئاشۇنداق نەرسىلەر بىلەن ھەپىلىشىپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزسەم ئاپام ماڭا ئاچچىقلاپ كېتەتتى. مەن ئاپامغا: «سېنىڭ بۇيرۇغان قايسى ئىشىڭنى قىلمىدىم، مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن» دەپ قوياتتىم.

ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەھەللىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدىم. شۇ سەۋەبلىك ماڭا ئەينى چاغلاردا ھۈنەر ئۆگەتكەن ئۇستام شاگىرتلىققا قوبۇل قىلدى. مەن ئۇستامدىن يېرىم ئۆتكۈزگۈچ، ئىككى قۇتۇپلۇق لامپا، ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپىلارنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگىنىپ ئاستا ـ ئاستا مۇرەككەپ بولغان ئېلېكترون دۇنياسىغا قەدەم قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن سىمسىز ئېلېكتر دولقۇنى تەجرىبىسىگە كىرىشتىم. ئاۋازنى سىمسىز يوللاش، سىمسىز قوبۇللاش ماڭا نىسبەتەن قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى. ئۆيگە قايتىپ تەجرىبە ئۈستىلى ئالدىدا ئولتۇرۇۋالسام ۋاقتىنىڭ ئۆتكىنىنى سەزمەي قالاتتىم. شۇ جەرياندا مەن ئۇستام بىلەن تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتنى بىرگە ئۆتكۈزدۈم. بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بېرىپ چاقىرغۇ ـ يانفون رېمونتچىلىقىنى ئۆگەندىم. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر مەزگىل دۇكان ئېچىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتتۈم.

بىر كۈنى دوستۇم بىلەن پاراڭلىشىپ كېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دۇكىنىغا باردىم. ئۇ ئىنىسى بىلەن تۆمۈر ماتېرىياللىرىنى ئىش قوشۇش، پاياتلاش، كېسىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلاتتى. ئۇ مەن بىلەن پاراڭلاشقاچ ئوكسىنى ئۇلىغۇچنى بېسىپ قويۇشقا بۇيرۇدى. بىردەمدىن كېيىن ئوكسىنى ئۇلىغۇچنى ئۈزۈۋېتىشكە بۇيرۇدى. بۇ يەردىكى مەسىلە توك ئىسراپچىلىقى ئىدى. شۇ چاغدا مېنىڭ كاللامدا پاياتلىغۇچنىڭ توك مەنبەسىنى مۇشۇ يەردىن باشقۇرغىلى بولماسمۇ؟ دېگەن سوئال پەيدا بولدى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرھال خەرىتە سىزىشقا كىرىشتىم ھەمدە تەجرىبە ئىشلەشكە باشلىدىم. قايتا ـ قايتا ئويلاش، قايتا ـ قايتا تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئاخىر يېرىم ئاپتوماتىك توك يولىنى ياساپ

چىقىپ ئۇنى پاياتلىغۇچقا سەپلىدىم. كېيىن، يەنە لايىھە يېڭىلاپ توك يولىنى ئۆزگەرتىپ قايتا ـ قايتا تەجرىبە قىلىپ ئۈچ ئايدەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاخىر پۈتۈن ئاپتوماتىك پاياتلىغۇچنى ياساپ چىقتىم ھەم ئەمەلىي ئىشلىتىپ ئۈنۈمىنى كۆردۈم. مەن باشتىن ـ ئاخىر تەجرىبە قىلغان پاياتلىغۇچ 2kw لىق پاياتلىغۇچ ئىدى. بۇنىڭ يۈكسىز چاغدىكى توك سەرپىياتى سائىتىگە 1610w ئىكەن. ئاپتوماتىك توك تېجەش قۇرۇلمىسى سەپلەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەر سائەتلىك يۈكسىز سەرپىياتى 125wقا چۈشۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن «بۇ پەقەت بىر دانە پاياتلىغۇچنىڭ توك سەرپىياتى. مەملىكىتىمىزدە قانچە دانە پاياتلىغۇچ باردۇر؟ مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا مەملىكىتىمىزدىكى قۇرۇلۇش، زاۋۇت، كان ـ كارخانىلاردىكى پاياتلىغۇچلارنىڭ يۈكسىز توكى تېجەپ قېلىنسا غايەت زور ئېنېرگىيە تېجەپ قېلىنغۇدەك» دەپ ئويلاپ بۇ توغرىدا يەنە ئىزدەندىم. پاياتلاش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، پاياتلىغۇچنىڭ ئىش ئىشلىگەن ۋاقتى مەشغۇلات ۋاقتىنىڭ $\frac{1}{3}$ قىسمىنى ئىگىلەيدىكەن. يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى ئۇققاندىن كېيىن مەن ياسىغان بۇ ئۈسكۈنىنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، زاۋۇت، كان، كارخانا، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى ۋە شەخسلەرگە زور مەنپەئەت ئېلىپ كېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە غايەت زور ئېنېرگىيىنى تېجەپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئالاقىلىشىش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونلۇق پاتېنت مۇلازىمەت مەركىزىگە مەلۇم قىلدىم. ئىلگىرى مەن پاتېنتقا ئىلتىماس قىلىشنىڭ تەرتىپلىرىنى بىلمەيتتىم. مۇلازىمەت مەركىزىدىكى تاشپولات ئىسىملىك بىر خىزمەتچى خادىم ماڭا ھەممىنى چۈشەندۈردى. مەلۇم بىر تۈرنى يوللاش ئۈچۈن يۇقىرى ـ تۆۋەنگە ھەق تۆلەيدىغانلىقى ھەم ئومۇمىي چىقىمنىڭ 3600 يۈەن بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ مەن ئىلاجسىز قايتىپ كەلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن تەخمىنەن ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى. مەن پاتېنت ھوقۇقىغا ئىلتىماس

قىلىش توغرىسىدىكى خەۋەرلەردىن پاتېنت ھەققىنىڭ چوشۇرۇلگەنلىكىنى ئاڭلاپ بۇنىڭغا قايتىدىن ئىلتىماس تولۇپ 2002 - يىلى 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى پاتېنت ھوقۇقىغا ئىلتىماس سۇندۇم. كېيىنكى ھەقلەرنىمۇ ۋاقتىدا تاپشۇردۇم. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كەشپىياتىم پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 02202399. 2

پاتېنت گۇۋاھنامە نومۇرى: 526978

شۇنىڭدىن كېيىن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى بېزەكچىلىك شىركەتلىرى، ئۇچۇر مۇلازىمەت ئورنى، ۋاكالىتەن كۆرگەزمە قىلىش ئورنى قاتارلىق ئورۇنلاردىن نۇرغۇنلىغان خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالدىم. «خەلق گېزىتى» بىلەن ئالاقىلىشىپ 1400 يۈەن ھەق تۆلەپ ئالتە ئاي «خەلق گېزىتى»دە تەشۋىق قىلدىم.

— يەنە قانداق ئارزۇ - ئۈمىدلىرىڭىز بار؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— مېنىڭ كۆڭلىرىم ئەتىدىن - كەچكىچە تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش بىلەن ئۆتىدۇ. دائىم ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىدىن، تۇرمۇشتىكى ماشىنا - ئۈسكۈنىلەردىن تېخنىكىلىق بوشلۇق ئىزدەپ يۈرۈيمەن. ھازىرغىچە بايقىغان چوڭ - كىچىك يېڭىلىقلاردىن ئون نەچچىسى بار. ئۇلاردىن ئىشەنچلىك دەپ قارىغانلىرىمدىن ئۈچى بار. كېيىنچە ئىقتىساد يار بەرسە ھازىرقى تۈردە نەتىجىگە ئېرىشسەم ئۇلارنىمۇ پاتېنتقا سۇنىمەن. مېنىڭ قىزىقىشىم ئۆزگەرمەيدۇ، تەتقىقاتىم توختاپ قالمايدۇ. مەن پەن - تېخنىكا دۇنياسىغا قىزىقىمەن.

مانا بۇ ئاددىي دېھقان بالىسىنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىسى.

ھېكايىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدىم: «بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە توم - توم كىتابلارنى ئوقۇپ تاماملاپ، كۆزلەرنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتىدىغان يوغان دىپلوملارنى ئېلىپ، ئۆزى ئوقۇغان

مەكتەپلىرى بىلەن ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىنىشۋاتقان، ئىش ئورۇنلىرىدا ئەپلەپ ـ سەپلەپ جان بېقىشۋاتقان، جان بېقىشنىڭ يىگى «رىسالىسى»نى تۇزۇۋاتقان ياكى بولمىسا ئىش تاپالماي دوقۇرۇپ يۈرگەن بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمىز ۋە ياشلىرىمىزنىڭ سۆزلەۋاتقىنى ئەبجەش تىل، كىيىۋاتقىنى پادىچىلار شىمى، چوقۇنىدىغىنى مىكائىل . جېكسون، جىسمى ـ تاشقى پوستى XXI ئەسىر، روھى بولسا قاشقىل ھارۋىسىدىنمۇ كونا...

ئەگەر رەھمىتۇللىنىڭ ھېكايىسىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاي دېسىڭىز، ئۇنىڭ پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازىرىدىكى «تاڭ نۇرى ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىش ئورنى»غا كېلىڭ.

ئادرېسى: پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازىرى.

پوچتا نومۇرى: 838206

※ ※ ※

# ئۈمىدلىك ياش كەشپىياتچى



ئۇبۇل مۇھەممەتنىڭ مىجەزى غەلىتە ئىدى. ئۇ دائىم دېگۈدەك غەلىتە خىياللارنى قىلاتتى. ئۇ ئەتراپتىكى شەيئىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، رولى ھەققىدە ئويلىناتتى ھەمدە ئۇلارنى توختىماي كۆزىتەتتى. ئۇ زېرىكمەيتتى، تېرىكمەيتتى، ھاردىم ـ تالدىم دېمەيتتى. ئىلگىرى ئۇنىڭغا تولىمۇ سىرلىق تۇيۇلىدىغان نەرسىلەر مانا ئەمدى ئۇنچىلىك سىرلىق تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالدى. مانا مۇشۇنداق قىزىقىش روھى ئۇنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا خېلى كۆپ بىلىمگە ئىگە قىلغانىدى. ئۇ مۇشۇ ئاددىي بىلىملىرى بىلەن ھەر خىل نەرسىلەرنى لايىھىلەيتتى، ياساپ باقاتتى.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا كىچىككىدىنلا بىر خىل ئىجادچانلىق روھى بىخ سۈرۈشكە باشلىدى. بولۇپمۇ ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغىنى توك بىلەن ئىشلەيدىغان ئۈسكۈنىلەر ئىدى. بۇ خىل ئەسۋابلارنى چۇۋۇپ قۇراشتۇرۇش جەريانىدا ئېلېكتر ساھەسىدە مۇئەييەن بىلىمگە ئىگە بولدى. مۇشۇ بىلىملەر ئاساسىدا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە «ئۆيىنىڭ بىخەتەرلىك سىگنال بېرىش قۇرۇلمىسى» ۋە «غەۋۋاسلارنىڭ سۇ ئىچىدە نەپەس ئېلىش ئۈسكۈنىسى»نى ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇ بۇلاردىن ئىلھاملىنىپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە ئېلېكتر تېخنىكىسىغا ئائىت كۆپلىگەن كىتابلارنى ئوقۇدى ھەم 4 ~ 5 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئېگىزلىكى 1.65m كېلىدىغان، ئاددىي گەپلەرنى ھەم ئاددىي ئىشلارنى قىلالايدىغان، 200m ئارىلىقتا كونترول قىلغىلى بولىدىغان

ماشىنا ئادەمنى ياساپ چىقتى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە يازلىق تەتىل مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ ئۇزۇنلۇقى 4m، ئېگىزلىكى 6m كېلىدىغان پلانېر ياساپ سىناق قىلدى. بىراق، جۇغراپىيىلىك يەر شەكلىنىڭ ياخشى بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئۇزۇن ئۇچالمىدى. لېكىن، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن ئۈمىدسىزلىنىپ توختاپ قالمىدى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 1 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىكى تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلىقى 5.50m قاناتىنىڭ تولۇق ئېچىلغان ۋاقتىدىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 9m كېلىدىغان ئايروپىلان ياساپ چىقتى ھەم سىناق قىلدى. بىراق، ئانچە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماي 4 ~ 5 مېتىر ئېگىزلىكتىلا ئۇچتى.

ئۇ ھەر كۈنى كەچتە مۇزىكا ئاڭلاپ ئۇخلاشقا ئادەتلەنگەنىدى. بىر كۈنى ئۇ ئۈنئالغۇدىن مۇزىكا ئاڭلاپ ئۇخلاپ قالىدۇ. ئەتىسى ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا ئۈنئالغۇدىن غەيرىي ئاۋاز چىقىپ، ئۆينى كۆيۈكنىڭ سېسىق پۇرىقى قاپلاپ كېتىدۇ. ئۇ ئۈنئالغۇنىڭ ئىچكى قىسمىنى ئېچىپ قارىسا ئۈنئالغۇنىڭ ترانسفورماتورى كۆيۈپ كەتكەن. بۇنى كۆرگەن ئوبۇل مۇھەممەت ئۈنئالغۇنى توك مەنبەسىگە ئۇلاپ قويغاندا مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن توكنى ئۆزلۈكىدىن ئۈزۈۋېتىدىغان قۇرۇلما بولسا ھەم توك تېجىگىلى، ھەم ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتقىلى بولاتتى ئەمەسمۇ دەپ ئويلىدى. بىر نەچچە كۈنگىچە بۇ خىيال ئۇنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالدى. ئۇ ئاخىر ئامال تاپتى. شامالدۇرغۇچنىڭ ۋاقىت بەلگىلىگۈچىسىنى ئېلىپ ئادەتتىكى روزېتكىغا ئۇلاپ باقتى. بۇ سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئۇ خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى باسالماي «مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم! مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم!!» دەپ سەكرەپ كەتتى. كېيىن ئۇ بۇ مۇۋەپپەقىيىتىنى سىنىپ مەسئۇلىغا ئېيتتى. سىنىپ مەسئۇلى ئۇنىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيىتىگە ئىلھام بېرىپ ئۆيدىكىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئۇنىڭ بۇ كەشپىياتىغا پاتېنت ھوقۇقى ئېلىش ئۈچۈن شىنجاڭ پاتېنت ھوقۇقى مەركىزىگە پاتېنت

هوقۇقى ئېلىش ئىلتىماسىنى سۇندى. 1999-يىلى 11-ئاينىڭ 4-كۈنى پاتېنت هوقۇقىغا ئېرىشتى.

پاتېنت هوقۇقى نومۇرى: ZL 99252877.1


ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ نەتىجىلىرى بىلەن 2000 ـ يىلى 12 ـ ئايدا «جۇڭگو مۇتەخەسسىسلەر قامۇسى»دىن ئورۇن ئالدى.

ئوبۇل مۇھەممەتنىڭ 1999 ـ يىلىدىن هازىرغىچە بولغان كەشپ ـ ئىجادىيەتلىرى 260 خىلدىن ئاشىدۇ. قەلبى زور ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولغان بۇ ياش ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن تېخىمۇ زور كەشپىياتلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

※ ※ ※

# ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا

## — «كىچىك ئېدىسون» نۇرۇللا موللىباقى توغرىسىدا



ھاياتلىق يولى ئۇزاق. بۇ يولدا قانداق مېڭىش ھەر بىر كىشىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئىرادىسىگە باغلىق. ئارمىزدا كۆڭۈلگە يۈكسەك ئارزۇ ــ ئارمانلارنى پۈكۈپ، بۇ ئارزۇ ــ ئارمانلارغا يېتىش، دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلىشىش، جەمئىيەت ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇش، تىنىمسىز ئىزدىنىپ مۇۋەپپەقىيەت مېۋىلىرىنى جەمئىيەتكە ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى ۋە ئەقىل ــ پاراسىتىنى بىلىم ئىگىلەشكە، يېڭىلىق يارىتىشقا بېغىشلاپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تىنىمسىز ئىزدىنىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتقان ئىرادىلىك ياشلىرىمىز ئاز ئەمەس. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئېلېكتر تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتى ئاپتوماتلاشتۇرۇش فاكۇلتېتى ئۈچۈر كەسپىنى ئەمدىلا پۈتتۈرگەن نۇرۇللا موللىباقى ئەنە شۇنداق ئىزدىنىش روھىغا باي ئىرادىلىك ياشلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئۇستۇن ئاتۇش يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1998 ــ يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن. ئۇ كىچىكىدىنلا بىر نەرسىلەرنى ياساشقا قىزىقاتتى. كۆرگەنلا نەرسىنى ئەينەن ياسىغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «كىچىك ئېدىسون» دەيتتى. ئۇ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ئۆزىنىڭ ئارزۇ قىلغان كەسپى ــ ئېلېكترون ئۈچۈر كەسپىگە ئۆتۈپ، يېڭىلىق يارىتىشتا قولايلىق بولغان كەڭ سەھناغا ئېرىشكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئوقۇتقۇچى ــ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا جارى قىلدۇردى.

«ئەجرىنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەندەك ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئاخىر مېۋە بەردى. 2000 ـ يىلى 6 ـ ئايدا «شىنگۇەن» شىركىتى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن 2 ـ قېتىملىق پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسىدە ئۇ ياسىغان گاس ـ گاچىلار مەخسۇس ئىشلىتىدىغان قوڭغۇراق مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىلەرنىڭ باھالىشى نەتىجىسىدە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا تۇرمۇشتا ئىشلىتىش قىممىتى يۇقىرى بولغان 56 خىل كەشپىياتنى ياراتتى. ئۇ كەشپىياتلارنى پاتېنتقا يوللاشقا تەييارلىق كۆرگەن بولسىمۇ، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن پاتېنت ھوقۇقىغا ئىلتىماس قىلالمىدى. ئۇ ئۆزى كەشپ قىلغان «توك سوقۇشتىن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ئاپتوماتىك خەۋەر قىلىش ئۈسكۈنىسى» نى «ئىزچىلار» سودا چەكلىك شىركىتى بىلەن پاتېنتقا يوللاپ پاتېنتقا ئېرىشتى ھەمدە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 1 ـ يۈرۈش قانىلى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ «ياشلىق مېلودىيىسى» پروگراممىسى «ئاۋانگارد ياشلار» سەھىپىسىدە تەشۋىق قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «پەن ـ تېخنىكا دۇنياسى» پروگراممىسىنىڭ «كەشپىياتچىلار قامۇسى» سەھىپىسىدە ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلدى.

نۆۋەتتە ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ يېڭى تېمىسى بولغان ئۇيغۇرچە ئېلېكترونلۇق خەت تاختىسى، زامانىۋى، ئىلغار ۋە ھەرىكەتچان بولغان ئېلېكترونلۇق ۋىۋىسكىلارنى ياساش قاتارلىق قاتتىق دېتال ساھەسىدە ئىزدەنمەكتە. بۇ جەھەتتە بىرىنچى ئىلمىي تېمىسىنىڭ 8 × 10 لىك LED ھەرپ كۆرسەتكۈچىدىن مۇقىم كودلۇق ئۇيغۇرچە ئېلېكترونلۇق خەت تاختىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىنى، بۇ تېمىنى سىنىپ مۇدىرى نۇرمۇھەممەت ۋە يېتەكچى ئوقۇتقۇچى ئۈمىد بىلەن بىرلىشىپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئىزدىنىۋاتقان 2 ـ تېمىسى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئاۋاز ئارقىلىق ئۇرۇپ

چىقىرىدىغان «خەت ئۇرۇش ماشىنىسى»نى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتە خېلى چوڭقۇر ئىزدەنگەنلىكىنى، ئۇتۇق قازىنىش ئىشەنچىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

«ياشاشنىڭ قىممىتى تۆھپە قوشۇشتا» دېگەننى تونۇپ يەتكەن بۇ ياش گەرچە ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشى بولمىسىمۇ ئۆزىدە ساغلام پسخىكا ۋە پولاتتەك ئىرادىنى يېتىلدۈرۈپ، ھاياتقا ۋە تۇرمۇشقا ئىشەنچ بىلەن قاراپ ئۆگىنىش يولىدا نۇرغۇن نەتىجىلەرنى ياراتتى.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL02208377. 4

پاتېنت گۇۋاھنامە نومۇرى: 574933

پاتېنتقا ئېرىشكەن ۋاقتى:

2003 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

※ ※ ※

# بالا كەشپىياتچى



ئۇ 1990 ـ يىلى تۇغۇلغان، 13 يېشىدا ئىجاد قىلغان كەشپىياتى پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ھەمدە «جۇڭگو كەشپىياتچىلار قامۇسى»غا كىرگۈزۈلگەن. جۇڭگو باشقۇرۇش ئىلمىنىڭ تەتقىقاتچىلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان. شۇ چاغدا ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 ـ يىللىقىنى ئەمدىلا پۈتكۈزگەنىدى.

بۇ بالا كەشپىياتچىنىڭ ئىسمى مەمتىمىن نۇردۇن. ئاقسۇ شايار ناھىيە گۈلباغ يېزىسىدىن.

بەلكىم، سىز ۋە مەن ئۇ يېشىمىزدا ئىمتىھاننى كۆچۈرۈپ بېرىپ، تاپشۇرۇقنى ئاتا ـ ئانىمىزغا ئىشلىتىپ، دەرستىن قېچىپ، باغنىڭ شورىدىن كىرىپ مېۋە ئوغرىلاپ يەپ، توشقان قوغلاپ، قاغىنىڭ چاڭگىسىنى بۇزۇپ، «ئېغى يوق ئىشتان كىيىدىغان باللار»نىڭ قىلىقىنى قىلىپ يۈرەتتۇق. ھېچبولمىسا يېزا باللىرى شۇنداق. مەمتىمىن ئەنە شۇ يېزا باللىرىغا ئوخشاش يېزىنىڭ توپىلىق يوللىرىدا مېڭىپ، شىۋاق ھىدىنى پۇراپ، كۆچەت بىلەن بويى تالىشىپ، قوزا ـ تايچاقلار بىلەن تەڭ قىيغىتىپ، سەكرىشىپ چوڭ بولدى. ئوقۇش يېشىغا يېتە ـ يەتمەيلا مەكتەپكە كىرگۈزۈلدى.

سەھرانىڭ ساپ ھاۋاسى، ئەلۋەك سۇلىرى ئۇنىڭغا پاك ۋۇجۇد، تىرەن ئەقىل ئاتا قىلدى. شۇڭا، ئۇ ئىزچىل تۈردە ياخشى ئوقۇدى. ئېرىشىشكە تېگىشلىك بارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشتى. لېكىن ئۇ بۇنىڭغا قانائەت قىلمايتتى. ئىشلارنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سوراپ بىلىۋېلىشقا، كاللا قاتۇرۇشقا، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئامراق ئىدى. بولۇپمۇ ئېلېكتر

ئۇسكۇنىلىرىگە بەكمۇ قىزىقاتتى. ئىلىكتىر ئۇسكۇنىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۇرلۇك ـ تۈمەن زاپچاسلار ئۇنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىپ تۇراتتى.

مەمتىمىننىڭ چوڭ دادىسى ئەما بولۇپ، 2001 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ چوڭ دادىسى يولدا كېتىۋېتىپ پاتقاققا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدۇ. ئۇ بۇ ئىشتىن ئىنتايىن بىئارام بولۇپ، «ئەمالارنىڭ يول يۈرۈشىنى ئاسانلاشتۇرغىلى بولماسمۇ؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئۇزاق ئويلاندى. ئۇ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «تەڭرىتاغ غۇنچىلىرى» پروگراممىسىدىن ئۇرۇمچى شەھىرىدىكى ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ «ئەمالار ئىستاكانى»نى ياساپ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئۇ مۇشۇ ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ كەشپىياتىدىن ئىلھاملىنىپ پاتقاقتىن سىگنال بېرەلەيدىغان ھەم قولچىراغنىڭ رولىنى ئوينىيالايدىغان، ئۇزارتقىلى، قىسقارتقىلى بولىدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق ھاسا ياساپ چىقتى.

بۇ ھاسا ئەمالار ئۈچۈن پاتقاقتىن سىگنال بېرىپ ئاگاھلاندۇرسا، ياشانغان كىشىلەر ئۈچۈن ھەم تايىنىپ ماڭىدىغان، ھەم ئالدىدىكى يولنى يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق ھاسا ئىدى. ئۇ بۇ ھاسىغا «ئەمىنلىك ھاسىسى» دەپ ئىسىم قويىدى.

ئۇ بۇ كۆپ ئىقتىدارلىق «ئەمىنلىك ھاسا»نى 2002 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دۆلەتلىك ئەقلىي مۈلۈك ئىدارىسىگە پاتېنت ھوقۇقىغا ئىلتىماس سۇنۇپ، 2003 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

پاتېنت ھوقۇقى نومۇرى: ZL 02230572.6

ئەلۋەتتە مەمتىمىن نۇردۇننىڭ بۇنداق زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسى بار. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى نۇردۇن ئىبراھىم ۋە ئاتىكەم خانىملار مەمتىمىننىڭ فىزىكا،

خىمىيە، كومپيۇتېرغا قىزىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا كومپيۇتېر ۋە تۈرلۈك تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىپ بېرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ كەشپىياتى بىلەن دۆلەتنىڭ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «جۇڭگو كەشپىياتچىلار قامۇسى»نىڭ 6 ـ تومىغا كىرگۈزۈلدى ھەمدە جۇڭگو باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىلىقىغا تەكلىپ قىلىندى. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولغاچقا، بۇ ئورۇننىڭ تەتقىقاتچىسى بولۇشقا ئىمكانىيەت بولمىدى. ئۇ يەنە «ئايرىملىرى ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى بولغان تەك ئايرىملىق تاق ياكى جۈپ سان قاتارىنىڭ يىغىندىسىنى ئەزا سانى ئارقىلىق ھېسابلاش ئۇسۇلى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا ئىلمىي ماقالە يازدى.

— مەن بۇ كەشپىياتنى بۇ يىل ئۆرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇرماقچى ئىدىم. بىراق ئىقتىسادىي شارائىت يار بەرمىگەچكە قاتناشتۇرالمىدىم. كېلەر يىلى چوقۇم قاتناشتۇرماقچى بولۇۋاتىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا مەن يەنە بىرنەچچە كەشپىياتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ ئىشەنچ بىلەن.

ISBN 7-80693-828-1

9 787806 938287 >

ISBN 7 - 80693 - 828 -1
（民文）定价：6.00 元